# ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتى جەۋھەرلىرى

تۈزگۈچى: ئە . س . قورغان

هۆسنىخەت — ماددىي قوراللار ۋاستىسىدە يارىتىلىدىغان مەنىۋى هەندەسە (گېئومېترىيە) دۇر. ـــــ ياقۇت مۇستەسىمى

چىرايلىق هۆسنىخەتنى ئوقۇش خۇددى لەيلىنىڭ خۇش هىدىنى پۇرىغانغا ئوخشايدۇ. ـــــ مۇستافا ئىززەت ئەپەندى

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام خەتتاتلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى** ........................ 5

**1. ئەرەب يېزىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى** ........................................ 5

**2. خەتتاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتى** ........................................ 8

(1) ئىسلام دىنى دەسلەپ تارقالغان دەۋرلەردىكى خەتتاتلىقنىڭ تەرەققىياتى ............ 8

(2) تارىختىكى ئىمپېرىيەلەر دەۋرىدىكى ئەرەب خەتتاتلىقى ........................ 14

(3) يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب خەتتاتلىقى ........................................ 26

**3. كلاسسىك ئەنئەنىلەردە ئاساسلىق خەت نۇسخىلىرى ۋە ئېقىملار** ........................ 31

(1) جەزم نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قەدىمكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرى ... 34

(2) مائىل خەت نۇسخىسى ........................................................ 35

(3) مەشق نۇسخىسى ........................................................ 35

(4) كۇفىي نۇسخىسى ........................................................ 36

(5) مەغرىبىي خەت نۇسخىلىرى ........................................................ 38

(6) نەسخ نۇسخىسى ........................................................ 40

(7) سۇلۇس نۇسخىسى ........................................................ 41

(8) مۇھەققەق نۇسخىسى ........................................................ 43

(9) رەيھانىي نۇسخىسى ........................................................ 44

(10) تەۋقىي نۇسخىسى ........................................................ 45

(11) رۇقئە نۇسخىسى ........................................................ 45

(12) تەئلىق ۋە نەستەئلىق نۇسخىلىرى ........................................................ 47

(13) غۇبار نۇسخىسى ........................................................ 50

(14) شىكەستە ۋە شىكەستە ئامىز نۇسخىلىرى ........................................................ 52

(15) دىۋانىي ۋە جەللى دىۋانىي نۇسخىلىرى ........................................ 52

(16) تۇغرا نۇسخىسى ........................................ 53

(17) گۇلزار نۇسخىسى ........................................ 57

(18) تەۋئەم نۇسخىسى ........................................ 57

(19) سىياقەت نۇسخىسى ........................................ 58

(20) سۇنبۇل نۇسخىسى ........................................ 58

(21) مۇسەلسەل نۇسخىسى ........................................ 58

(22) زۇلفى ئارۇس نۇسخىسى ........................................ 59

(23) تاج خەت نۇسخىسى ........................................ 59

(24) ھەرفۇن ـ نار نۇسخىسى ........................................ 59

(25) سىينىي نۇسخىسى ........................................ 59

**4. ئىسلام خەتتاتلىق مائارىپى** ........................................ 60

**5. خەتتاتلىق قوراللىرى** ........................................ 70

(1) قەغەز ........................................ 70

(2) قەلەم ۋە قەلەمدان ........................................ 73

(3) سىياھ ۋە سىياھدان ........................................ 76

**ئىككىنچى بۆلۈم: ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىدىن نەمۇنىلەر** ........................................ 77

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار** ........................................ 275

# بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام خەتتاتلىقىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى

## 1. ئەرەب يېزىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مۇكەممەل يېزىق سىستېمىسى بار بولغان قەدىمكى مىسىرلىقلار، بابىللىقلار ۋە خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئەرەبلەر كېيىنرەك يېزىق قوللانغان مىللەتلەر جۈملىسىدىندۇر. گەرچە بۈگۈنكى دەۋردە لاتىن يېزىقىدىن قالسىلا دۇنيادا قوللىنىلىش دائىرىسى بەك كەڭرى بىر يېزىق ھېسابلىنىدىغان ئەرەب يېزىقى ھەقىقەتەن كېيىنرەك دەۋرلەردە تەرەققىياتقا نائىل بولالىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئەرەبلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ تۇرغانلىقىدۇر. ئۇلار ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش ۋە ساقلاشتا ھەم ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاغزاكي ئەنئەنىلەرگە تايىنىپ كەلگەن. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە قەھرىمانلىق دەۋرى ھېسابلىنىدىغان 6 ـ ئەسىردە، شېئىر بەلكى ئەرەبلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەنئەت شەكلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدىكى بىردىن بىر شەكىل بولۇپ، شېئىر ئۇلارنىڭ ئاغزاكي ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. ئەرەب ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى بويىچە، «سەبئە مۇئەللەقات» دەپ ئاتالغان ھەم ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئېسىل ئەسەر دەپ قارالغان يەتتە بۆلۈك شېئىرلا يېزىققا ئېلىنغان ھەمدە ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلىپ، مەككىدىكى كەئبە ئىچىگە ئېسىپ قويۇلغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى خېلى بىر چاغلارغىچە، «قۇرئان» يېزىققا ئېلىنماي، ئەكسىچە ئاغزاكي يادلاش شەكلى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقالغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئەرەبلەر ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپلا ئۇلار يېزىق گۈزەللىكى ئارقىلىق سەنئەت يارىتىش بويىچە باشقا قەۋملەردىن تېز ھالقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانتى ۋە ئىستېتىك ھەۋەسلىرىنى ئەڭ ياخشى ئىپادە قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە

ئۆزىنىڭ يېزىقىنى بەدەئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدىلا خەتتاتلىق بويىچە ھەيران قالدۇرارلىق تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى.

ئەرەب تىلى سام تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە، ئەرەب يېزىقى بولسا سام تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقلارغا تەۋە بولۇپ، بۇ يېزىقلاردا ئۈزۈك تاۋۇشلار يېزىقتا يېزىلىپ، سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچە بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىناتتى. ئەرەب يېزىقى ۋە ئۇنىڭ سام تىللىرى سىستېمىسىدىكى باشقا يېزىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىلگىرى نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرى نىسبەتەن ئورتاق بىر پىكىرگە كەلگەن بولۇپ، شۇ قاراش بويىچە، «قۇرئان» نى خاتىرىلەيدىغان شىمالىي ئەرەب يېزىقىغا ئايلانغان مەزكۇر يېزىق ئارامىي يېزىقىدىن كېلىپ چىققان نەباتىي يېزىقىنى مەنبە قىلىدۇ. قەدىمكى نەباتىيلار ئەرەب قەبىلىلىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئەرەبلەر بىلەن يېقىن مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. قەدىمكى نەباتىيلار، يەنى يېرىم كۆچمەن چارۋىچى ئەرەب قەبىلىلىرى سىناي يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ تاكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى ۋە سۈرىيەگىچە بولغان زېمىنلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ھىجىر، پېترا ۋە بۇشرالارنى مەركەز قىلغان ھالدا ھاكىمىيەت بەرپا قىلغان. بۇ ھاكىمىيەت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 150 ـ يىلدىن تاكى مىلادىيە 150 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغانغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. بىراق ئۇلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى، بولۇپمۇ يېزىقى شۇندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ، ئەرەب يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەباتىيلار ئۆزلىرى ياشىغان زېمىنلاردا نۇرغۇن تاش ئابىدەلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تاش ئابىدىلەر ئارىسىدىكى مىلادىيە 250 ـ يىلغا تەۋە ئۇممەل جەمال ئابىدىسى ۋە ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرەب شائىرى ئەمرۇل قەيس (رىۋايەتلەردىكى مەجنۇن) نىڭ شېئىرلىرى ئويۇلغان مىلادىيە 328 ـ يىلغا تەۋە نەمارە ئابىدىسى، مىلادىيە 512 ـ يىلغا تەۋە زەبەد ئابىدىسى ۋە مىلادىيە 568 ـ يىلغا تەۋە ھەررام ئابىدىسى قاتارلىقلار ئەرەب يېزىقىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابىدىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇممەل جەمالدىكى ئالتىنچى ئەسىرگە تەۋە يەنە بىر ئابىدەدىكى يېزىق ئەرەب يېزىقىنىڭ بىۋاستە نەباتىي يېزىقىدىن تۈرلىنىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەبچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر ئابدىلەردىكى يېزىق ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، بولۇپمۇ ھىرا ۋە ھىجازدا ئولتۇراقلاشقان ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يېزىق ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىگە، جۈملىدىن ھىجازغا تارقالغان. بۇ يېزىق شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى بەشىر ئىبنى ئابدۇل مۇلۇك تەرىپىدىن مەككىگە تونۇشتۇرۇلغان. دەسلەپتە بۇ يېزىقنى بىلىدىغان قۇرەيش قەبىلىسىدىكى كىشىلەردىن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىق خەلىپىلەر، تەلھەت ئىبنى ئابدۇللا، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەلجەرراھ ۋە ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىييە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ يېزىقنىڭ مەككىدە ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپلا، قوشنا شەھەر مەدىنەگە تېزلا تارقالغان، ھەمدە مەدىنەدىكى ئەۋس، خەزراج ۋە ساقىف قاتارلىق قەبىلىلەردە خەت سەنئىتى ئىشلىرى تېزلا قولغا ئېلىنغان. شۇ چاغدىكى مەدىنە شەھىرىدىكى مەشھۇر كاتىپلارنىڭ بىرى زەيد ئىبنى سابىت مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ داڭلىق كاتىپى بولۇپ خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە «قۇرئان» نى جەملەش ۋە يېزىقتا ئېلىش ئىشلىرىنى تامام قىلغان.

دەسلەپكى دەۋردىكى ئەرەب يېزىقىنىڭ نامى «جەزم» دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىق نەباتىي يېزىقنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتىنچى ئەسىرلەرگىچە بولغان ۋاقىتتا ھىرا ۋە ئەنبەر قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق ئىشلىتىلگەن قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىنىڭ تەسىرىدە بەلگىلىك ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلغان. جەزم دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقتىكى ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ تۈز ۋە تىك بۇلۇڭلۇق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلەر ۋە ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش نىسبىتىنىڭ ئوخشاش بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر كېيىنكى چاغلاردىكى كۇفىي نۇسخىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. جەزم دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە بارلىق ئەرەبلەر ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ يېزىقنى مۇقەددەس يېزىق (يەنى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋەھيىسىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن

تاللىغان يېزىق) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

## 2. خەتتاتلىقنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتى

### (1) ئىسلام دىنى دەسلەپ تارقالغان دەۋرلەردىكى خەتتاتلىقنىڭ تەرەققىياتى

خەتتاتلىق ئەلۋەتتە يېزىق سەنئىتى، بىراق بۇ مەشغۇلات دۇنياۋى ھادىسە ئەمەس. نۇرغۇن خەلق ۋە مىللەتلەر يېزىق سەنئىتى تەپسىلىي تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغان، بەزى مىللەتلەردە خەتتاتلىق بۇيۇك سەنئەت تەرزىدە كۆرۈلۈپ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئەلۋەتتە، خەتتاتلىق ئەنئەنىسى بولمىغان خەلقلەردىمۇ گۈزەل قوليازمىلار ھەممە جايدىن ـ مەسىلەن، خۇسۇسىي خەت ـ چەكلەردە تېپىلىدۇ. بىراق بۇنداق گۈزەل يازمىلار خەتتاتلىق ھەققىدىكى ئومۇمىي بىلىم ۋە تېخنىكا توغرىسىدىكى تەسىراتنى مەنبە قىلغان ئەمەس. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە، يەنى ئىسلام دىنى گۈللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم» گە تايىنىپ 23 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىرى چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى كۈچلۈك بىر مىللەت قىلىپ چىقىپ، ئەرەبلەر تارىخىدىكى تۇنجى سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەتنى قۇرۇپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تارقىلىشى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە قۇرەيش قەبىلىسى ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرەب تىلى تەدرىجى ھالدا ھەرخىل دىئالىكتلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلاندى. «قۇرئان كەرىم»ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق تىلىنىڭ موقۇملىشىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇنى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇقەددەس بولۇپ، خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئوقۇش ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىشقا بولمايدۇ. «قۇرئان» نىڭ تىلى ئەرەب تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبلىك ئەرەب تىلىنىڭ ئورنى تىز كۆتۈرۈلۈپ، ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورنى تېز يۇكسەلدى. «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىلۇك ئوقۇش ۋە كۆچۈرۈپ يېزىش

نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن بۇ مەشغۇلاتلارنى يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم بولدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم» نى ئۆگىنىش، ئوقۇغاندا تاۋۇشلار ئوچۇق ۋە دانە ـ دانە، تەلەپپۇز ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»نى كۆچۈرگەن ۋاقىتتا خەتلەر ئۆلچەملىك، قائىدىلىرى بىرلىككە كەلگەن بولۇشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىش ئوقۇش ۋە يېزىش ھەققىدە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ (قەلەم بىلەن) خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»[1] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ 64 ـ سۈرىسىنىڭ نامى «قەلەم» دەپ ئاتالدى. «قۇرئان» دا يەنە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا قەلەم بىلەن پۈتۈكنى توغرا پۈتۈش ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ باردۇر. «قۇرئان كەرىم» دە خەت يېزىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلەر 121 دىن كۆپرەك يەردە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەت يېزىش مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىم ھاياتىي مەجبۇرىيەت تەرزىدە تونۇلۇپ كەلگەن.

خەتتاتلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپلا كۆپ دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇپ تېز تەرەققىي قىلىشىدا ۋە ئىسلام سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىغا ئايلىنىشىدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار:

بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تارقىلىشى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. «قۇرئان كەرىم» تارىخ مابەينىدە ئاغزاكىي ۋە يازمادىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ساقلىنىپ ۋە تارقىلىپ كەلدى. «قۇرئان كەرىم»نى ئەستايىدىل خاتىرىلەش ۋە كۆچۈرۈپ يېزىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھىجاز، سۈرىيە ۋە يەمەندە بولسۇن، ياكى ئىراق ۋە مىسىردا بولسۇن، «قۇرئان كەرىم»نى كۆچۈرۈشنى مەخسۇس خىزمەت ئورنىدا كۆرۈپ كۆچۈرۈپ يازىدىغانلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرى بويىچە قارىغاندا،

[1] «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە ئەلەق»، 1 ~ 5 ـ ئايەتلەر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر بىر ھەرپ ۋە سۆز ـ جۈملىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ناھايىتى گۈزەل يېزىش پەقەتلا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كۆچۈرگۈچىنىڭ مۇشۇ ئىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە ئەجرى ساۋابى ساناپ تۈگەتكۈسىز بولغان بىر خەيرىلىك ئىش دەپ تونۇلىدۇ. ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ ياخشى تارقىتىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھلقىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان تەخىرسىز ۋەزىپىسگە ئايلانغان. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارقىلىش باسقۇچىدا كاتىباتلىق ۋە خەتتاتلىقنى ئۆگۈتۈش ۋە تارقىتىشقا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ساھابىلەرنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خەت يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيگەن. مەدىنىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەر خەتتاتلىقنىڭ دىن تارقىتىشتىكى رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۆز زامانىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ياكى قەبىلە باشلىقلىرىغا كۇفى نۇسخىسىدا يېزىلغان خەتلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان ئىدى. خاتىرلىنىشچە ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىكى تەسىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرە بار: تەخمىنەن مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە رىم پادىشاھى ئابباسىيلار پادىشاھلىقىنىڭ بىر ۋەزىرى ئۇنىڭغا يېزىپ ئەبەرتىپ بەرگەن خەتنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا: «مەن ئەزەلدىن ئەرەبلەرنىڭ بۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك شەكىلدىكى نەرسىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان. مىنىڭ ئۇلارنىڭ يېزىقىنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىگە ھەۋىسىم كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن ھالقىپ كىتىپتۇ.» دېگەن ئىكەن. قىسقىسى، ئەينى دەۋردە مۇھەممەد پەيغەمبەر «قۇرئان» نى خاتىرىلەش ۋە كۆچۈرۈش ئىشلىرىدا شۇنداقلا باشقا خەت ئالاقىلىرىدە يېزىقنىڭ رولى ۋە كاتىباتلىق مەسىلىلىرىگە كۆپ ئېتىبار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز ۋاقتىدىكى خەتتاتلارغا «قۇرئان» دىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى قانداق يېزىش ئۇستىدە بەزى كۆرسەتمىلەرنىمۇ بەرگەن.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى خەلىپىلەر ئىسلام دىنىنى تارقىتىش

ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەتتاتلىقنىڭ ياخشىلىنىش ۋە ئومۇملىششىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت تەربىيە ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. شۇ چاغدا ئالدى بىلەن ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ تەخىرسىز بولغان ۋەزىپە «قۇرئان كەرىم»دىن مۇكەممەل بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقىش ئىدى. ئۇلار مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ هايات ۋاقتىدىكى پۈتۈكچىسى سەيىد ئىبنى سابىت قاتارلىق بىر قىسىم كىشلەرنى بۇ ۋەزىپىنى تاماملاشقا ئورۇنلاشتۇردى. مىلادىيە 651-يىلى خەلىپە ئوسمان هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەسلەپكى بېكىتىلگەن نۇسخىسى روياپقا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ «قۇرئان كەرىم» دىن يەتتە پارچە كۆچۈرگۈزۈپ مەككە، مەدىنە، دەمەشىق، كۇفە ،بەسرە، بەھرەين ۋە يەمەن قاتارلىق جايلارغا بىردىن ئىبەرتىپ ساقلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆمەر بىلەن ئوسمان يەنە تائىق شەھرىدىكى سەقىف قەبىلىسىدە «قۇرئان كەرىم»نى كۆچۈرۈپ يازىدىغانلارنى تەيىنلەپ، كۆپلەپ كۆچۈرتكۈزۈپ ساقلىدى ۋە تارقاتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خەلىپە ئۆمەر، خەلىپە ئوسمان ۋە خەلىپە ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ماھىر خەتتاتلاردىن ئىكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەتتاتلىق ئەينى ۋاقىتتا ناھىيتى قەدىرلەنشكە ئېرىشكەن بىر خىل سەنئەتكە ئايلانغان. بولۇپمۇ «قۇرئان كەرىم»نى كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا، «قۇرئان كەرىم» نى كۆچۈرۈپ پۈتۈن زېھىن ۋە ئىخلاس بىلەن ناھايىتى رەتلىك، خاتاسىز هالدا يېزىش - كۆچۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماي، بەلكى خەتتاتلار يەنە خەتتاتلىق سەنئىتىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۇنى تېخىمۇ جەزىبدار، ئادەمگە سالماق، ئېغىر بېسىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى بېرىدىغان هالغا ئېلىپ كېلىش يولىدا كۆپ ئىجتىهادلارنى كۆرسەتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىدە ھۆسنخەت بېزىكى بولسا ئۈچ خىل بېزەك (گېئومېترىيەلىك نەقىش بېزىكى، ئۆسۈملۈك بېزىكى، ھۆسنخەت بېزىكى)نىڭ ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ مەسجىد قۇرۇلۇشلىرىدا مۇقەددەس كىتابلاردىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر ئويۇلغان ياكى يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىگە

ئايلانغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەسجىدلەر ئىسلام بىناكارلىقىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ ۋەكىللىك نامايەندىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام دىنى قەيەرگە تارقالسا شۇ يەرگە چوقۇم مەسجىد قۇرۇلىدۇ. ياكى دېيىشكە بولىدۇكى، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار تارقالغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە مەسجىدلەر قۇرۇلغان بولىدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ قۇرۇلۇشلاردا ئەڭ ئەمەلىي قىممىتى بولغان بىزەك يەنىلا نەپىس بولغان ھۆسنىخەتلەردۇر. مەسجىد ئىچىدىكى تام، مېھراب، تۈۋرۈك قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەرخىل نۇسخىدىكى ھۆسنىخەتلەر بىلەن ئايەتلەر ئويۇلىدۇ. بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مۇتلەق كۆپ مەسجىدلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. شۇڭا مەسجىدلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ،رەڭگارەڭ خەتتاتلىق سەنئىتىمۇ مەسجىد بىزەكلىرىدە يېڭى بىر سەھىپە سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولغان مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسجىدى، تارىخى ئۇزۇن بولغان كۇفە مەسجىدى، بەسرە مەسجىدى، شۇنداقلا مىسىر، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم چوڭ مەسجىدلەردىكى بىزەكلەردە رەڭگارەڭ، ئۇسلۇبى ئالاھىدە بولغان ھۆسنىخەتلەر بار. بۇ ھۆسنىخەتلەر ئەرەبلەرنىڭ خەتتاتلىقىنىڭ تەڭداشسىز، ئەڭ يۈكسەك سەنئەت ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتىدىكى قىممەتلىك بايلىق، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى پارقىراق مەرۋايىتتۇر.

ئۈچىنچى، بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش، پەقەت بىرلا بولغان ئاللاھقا چوقۇنۇشنى ئېتىراپ قىلىش — مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد يولىدۇر. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرىدە، مۇسۇلمان سەنئەتكارلار «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىكى ئالاقىدار كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن، رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئادەم ۋە ھەر خىل روھى بار بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى قىلماستىن، بەلكى پۈتۈن زېھنىنى ھەر خىل گۈل-گىياھلارنى، دەرەخلەرنى سىزىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، گۈل-گىياھ رەسساملىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.خەتتاتلىق ئىجادىيىتىمۇ دەل مۇشۇ ئامىل ئاساسىدا گۈللىنىشكە ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئەرەب خەتتاتلىقى شەكىللەنگەندىن كېيىن بىرلا سەۋىيەدە توختاپ قالماستىن، بەلكى

ئەرەبلەرنىڭ نەقىش ئىجادىيىتىمۇ ماس قەدەملىك سەنئەتكە ئايلىنىپ، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ شەكىل يارىتىشى بىلەن ماسلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا خەتتاتلار ھۆسنخەت بىلەن نەقىش ئارقىلىق بىزەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز-ئارا گىرەلەشتۈرۈش ئارقىلىق خەتتاتلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ بىر باالداق يۇقىرى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش تۇرۇپتىكى، ئەرەب تىل- يېزىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ روياپقا چىقىشىغىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كىتابەت ئىشلىرىدا ئاكتىپلىق بىلەن باشلامچىلىق قىلىشىدىن تارتىپ ساھابىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىگىچە، ئىسلام دىنىنىڭ بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش ئەقىدىسىدىن تارتىپ خەتتاتلارنىڭ ئىخلاس بىلەن خەت سەنئىتى ئىجادىيىتى ئېلىپ بېرىشىغىچە بولغان جەرياندا، ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا،ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ئەرەب خەتتاتلىقى بىلەن بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قويۇق باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بولمىغان بولسا جاھان ئەھلىنى مەستخۇش قىلغان ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يۈكسەك سەنئەت دەيمىز.ھەم ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئەرەب خەلقىنىڭ ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى دەيمىز.

ئەرەب خەتتاتلىقىدا دەسلەپكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان نۇسخىلار كۆپ ئەمەس، ئەمما شەكىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەرەپ يېزىقى دەسلەپتىلا مۇقەۋۋەر ۋە مۇدەۋۋەر (ئەگمە ۋە يۇمۇلاق) بىلەن مەبسۇت ۋە مۇستەقىم (سوزۇلغان ۋە تۈز سىزىقلىق) تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيىگە ئايرىلغان. بۇلار يەنە بەزى مەنبەلەردە تەرجىمە قىلىنغاندا بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلىرى يۇمشاق نۇسخىلار دەپ، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلىرى قاتتىق نۇسخىلار ياكى قىرلىق نۇسخىلار دەپ ئىككى خىل تەرجىمە قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن ئەھۋاللارمۇ بار. دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن مائىل، مەشق ۋە

كۇفىي نۇسخىلىرىنى ئىككىنچى كاتېگورىيەگە مەنسۇپ بولغان بولسا ، باشقا بارلىق چىرماش نۇسخىلار بىرىنچى كاتېگورىيەگە تەۋەدۇر. ئەمما مۇنداق ئايرىش بەزىدە مۇتلەق ئەمەس بولۇپ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم خەت نۇسخىلىرىدا ھەر ئىككى گۇرۇپپىدىكى نۇسخىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تېپىلىدۇ. بۇلاردىن مەبسۇت ۋە مۇستەقىم نۇسخىلارغا تەۋە بولغان كۇفى، مائىل ۋە مەشق نۇسخىلىرى ئىسلام بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا قىسمەن دائىرىلەردە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەمما چىرماش نۇسخىلار( مۇقەۋۋەر ۋە مۇدەۋۋەر گۇرۇپپىسىغا تەۋە نۇسخىلار) نىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە يېزىلغان چىرماش نۇسخىلار قوپال، تەرتىپسىز، شۇنداقلا ئادەتتىكى ھۆججەت ۋە نەرسىلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلار «قۇرئان» نى خاتىرلەشكە ئىشلىتىلگەن كۇفىي نۇسخىسىدىن پەرقلىنىدۇ.

### (2) تارىختىكى ئىمپېرىيەلەر دەۋرىدىكى ئەرەب خەتتاتلىقى

ئىبنى خالدۇن يېزىق (يېزىش) ۋە خەتتاتلىق مەرىپەت (مەدەنىيەت) نىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەزگىللىرىدە گۈللىنىدۇ، ئۇنىڭ چۆكۈشگە ئەگىشىپ چېكىنىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ شەكسىز توغرا. ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسا تولىمۇ نازۇكتۇر. تارىختا قەيەردە ئىسلام گۈللەنگەن بولسا، شۇ يەرلەردە يەرلىك مەدەنىيەتلەردە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىق شۇ خەلقلەرنىڭ نەزىرىچە قايتا باش كۆتۈردى. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىدىن باشلاپ، ئابباسىيلار خانلىقى شۇنداقلا مىسىرنىڭ فاتىمە، ئەييۇب، مەملۇك سۇلتانلىقلىرى ۋە كېيىنكى ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىدىن تاكى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى(661 ~ 1924) گىچە بولغان مىڭ يىللىق تارىخىي جەريان بولسا ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرىدۇر. بۇ دەۋرلەردە ئەرەب خەتتاتلىقى ئەسلىدىنلا بار بولغان ئۇلى ئاساسىدا ئىسلاھات ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلدى، رەتلەندى ۋە نەزەرىيەلەشتۈرۈلدى. بولۇپمۇ، بۇ جەرياندا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەتتاتلار ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق ئەستايىدىل ئومۇملاشتۇرۇپ، يۇرەكلىك ھالدا يېڭىلىق ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب خەتتاتلىقى يېپيېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئالتۇن دەۋرگە كىردى.

ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب خەتتاتلىقمۇ ئەرەب تىل-يېزىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە جەنۇب ۋە شىمالنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبىدىكى خەتتاتلىقى شەكىللەندى.

مىلادىيە 661-يىلى (ھىجرىيە 40-يىلى) سۈرىيىنىڭ نائىبى مۇئاۋىيە خەلىپە دەپ ئاتىلىپ، ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنى قۇرۇپ، دەمەشقنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى مەدىنەدىن دەمەشققە يۆتكەلدى. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى (661-749) دەۋرىدە ھەر قايسى خەلىپىلەر ئەرەب مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار قەدىمكىلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە يېڭى مەدەنىيەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ياراتتى. خەتتاتلىق سەنئىتى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇيەسسەر بولدى. مەسىلەن،_كۇفى ۋە نەسخ نۇسخىلىرى ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نەسخ نۇسخىسىنى نەپىس، ئۆلچەملىك يېزىشقا، پەرق ئېتىپ ئوقۇشقا قولايلىق دەپ قارىغان. ئۇنىڭغا ھەرىكىلەر (يەنى ئەرەب يېزىقىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر) نى قويۇپ تەلەپپۇزىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش «قۇرئان كەرىم» نى ئۆلچەملىك، توغرا ئوقۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان . شۇڭلاشقا كېيىنكى «قۇرئان كەرىم» كۆچۈرۈش خىزمىتىدە مۇشۇ نۇسخا ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە كۇفى نۇسخىسىنىڭ تۈرلىرىمۇ 50 نەچچە خىلغا يەتكەن ئىدى. ئەرەب مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇمەييە خەلىپىلىكى دەۋرىدە قۇتبەھ ئەل مۇھەررىر (؟-770) ئىسىملىك بىر خەتتات تۇمار، جەلىل، نىسف ۋە سۇلۇستىن ئىبارەت تۆت نۇسخىنى ئىختىرا قىلغان. ئۇ مەزكۇر نۇسخىلاردا بەزى ئەرەب تارىخ كىتابلىرىنى ۋە شېئىر دىۋانلىرىنى كۆچۈرگەن. مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ مېھرابى جەلىل نۇسخىسىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى بىلەن بېزەلگەن. ئۇمەييە دەۋرىدىكى يەنە بىر مەشھۇر خەتتات خالد ئىبنى ئەلھەييياج بولۇپ، ئۇ تۇمار ۋە جەلىل نۇسخىسىدا خېلى كۆپ «قۇرئان» نى كۆچۈرگەن. شۇ نەرسە

ئېنىقكى، تۇمار نۇسخىسى خەتنىڭ سىزىقلىرى تىك ۋە چوڭ يېزىلىدىغان نۇسخا بولۇپ، جەلىل نۇسخىسى بولسا خەتلەر تۇمار نۇسخىسىدىكىدەك چوڭ يېزىلىدىغان، ئەمما سىزىقلار ئەگرى تارتىلىدىغان نۇسخىنىڭ نامى ئىدى. نىسىف ۋە سۇلۇس نۇسخىلىرى جەلىل نۇسخىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان، ئادەتتىكى يازمىلارنى يېزىشتا قوللىنىلغان نۇسخا ئىدى. «نىسىف» ئەرەبچە يېرىم دېگەنلىك بولۇپ، بۇ نام مەزكۇر نۇسخىسىدىكى خەتلەرنىڭ جەلىل ۋە تۇمار نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ يېرىمچىلىك يېزىلىدىغان ئالاھىدىكتىن كەلگەن. يەنى، تۇمار نۇسخىسدا ئەلىف (ا) ئاساسى ئۆلچەم سۈپىتىدە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەلىف (ا) نىڭ كەڭلىكى ئاتنىڭ 24 تال قىلىنىڭ (تۈكىنىڭ) كەڭلىكىدەك بولسا بولاتتى. دېمەك، نىسىف (يېرىم ) ۋە سۇلۇس (ئۈچتىن بىر دېگەن مەنىدە ) دە ئەلىف (ا) ھەرپىنىڭ كەڭلىكى تۇمار نۇسخىسىدىكى ئەلىف (ا) نىڭ يېرىمچىلىك ۋە ئۈچتىن بىرىچىلىك بولار ئىدى.

ئەمما يۇقىرقىغا ئوخشمايدىغان بىر نەزەرىيەدە، نىسىف ۋە سۇلۇس نۇسخىلىرى ئەمەلىيەتتە تۈز تارتىلىدىغان سىزىقلارنىڭ چىرماش نۇسخىلاردا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئاساسىدا يېزىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، سۇلۇس (ئۈچتىن بىر) نۇسخىسدا ھەرپ سىزىقلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۈز تارتىلىدىغان سىزىقلادىن تەشكىل تاپىدۇ، دېگەندەك... . ئەلۋەتتە يۇقىرقى ئىككى نەزەرىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك ئاساسى بار.

ئاباسىيلار سۇلالىسى (749 ـ 1258) نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، ئەرەب مىللىتىنىلا ئاساس قىلغان دۆلەت تۈزۈلمىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئەرەبلەر خوجايىن بولغان، شۇنداقلا ئەرەب ئەمەس بولغان نورغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپرىيىسى» مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەرەب مەدەنىيتىنى گۈللەندۈرۈش، كېڭەيتىشكە پايدىلىق ئامىل ۋە ئاساسلىق ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاندى. بۇ سۇلالىنىڭ پايتەختى باغداد ئەينى ۋاقىتتىكى ئىمپرىيەنىڭ سىياسي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلارنىڭ دانىشمەنلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالىرى، شائىرلىرى، مەشھۇر ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكار خەتتاتلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوردىغا

يىغىلىپ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىي سىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، گۈللەپ ياشناشتەك بىر قاتار ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەرەب خەتتاتلىقى مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇمەۋىيىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان ياخشى ئۇل ئاساسىدا، تەكشى تەرەققىياتقا نائىل بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ زامانى باشلانغاندىن كېيىن، چىرماش نۇسخىلار بەزى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جۈملىدىن چىرماش نۇسخىلارغا نام بېرىش مۇشۇ دەۋردىن باشلاندى.

ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۈچ داڭدار خەتتات» دەپ ئاتالغان ئىبنى مۇقلەھ (886-940)، ئىبنى ئەلبەۋۋاب (؟-1022)، ياقۇت مۇستەئسىمى (؟-1298) قاتارلىق خەتتاتلار مۇشۇ دەۋردىكى نورغۇن خەتتاتلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئالدىنقى خەتتاتلارنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسىدا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېڭىچە ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە، ھەرخىل خەت نۇسخىلىرىنىڭ يېزىلىش ئۆلچەملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىبنى مۇقلەئىنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ رەتلەپ مۇقىملاشتۇرغان كۇفى نۇسخىسى، نەسخ نۇسخىسى، سۇلۇس نۇسخىسى، ئىجازەت نۇسخىسى، رەيھانى نۇسخىسى، مۇھەققەق نۇسخىسى، رۇقئە نۇسخىسى قاتارلىق خەت نۇسخىلىرى ئالىلقاچان ئەرەبلەرنىڭ تارىخنامىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. كېيىن كىشلەر ئۇنى «ئەرەب خەتتاتلىقى نەزەرىيەسىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتىدى. شۇ دەۋردىن باشلاپ قائىدىلەشتۈرۈلگەن ھەر خىل خەت نۇسخىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلاپ، نۇسخىلارنىڭ تۈرى ئون نەچچە خىلغا يەتتى. «قۇرئان كەرىم»نى كۆچۈرۈپ يېزىش، مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىنى زىننەتلەش، ئوردا ئەمىر - پەرمانلىرىنى يېزىش ۋە تارىخىي تۆھپىلەرنى خاتىرلەش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە ئەرەب خەتتاتلىقى كەم بولسا بولمايدىغان ئاملىغا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، خەتتاتلىق سەنئىتى رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەڭلىك پارپورچىلىق، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك (كىتاب كۆچۈرۈش ۋە مۇقاۋا ئىشلەش) قاتارلىق زىننەتلىك سەنئەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلغان ئىدى. بۇ ئامىللار سەۋەبلىك خەتتاتلار جەمئىيەتتە يۈكسەك نام-ئاتاققا ئىگە بولدى. خەتتاتلىقنى قەدىرلەش

جەمئىيەتنىڭ بىرخىل ئومۇمىي ئادىتىگە ئايلىنىپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم كىشلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەتتاتلىق مەنسەپكە ئولتۇرۇش ۋاستىسى ۋە يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ شوتىسى بولۇپ قالدى.

ئاббاسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىغان مەزگىللەردە، يەنى 8-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئەرەبلەرگە تارقىلىپ ئەرەبلەر ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قوي تېرىسى قەغىزى، ئۆسۈملۈك قەغىزى قاتارلىق قەغەزلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەرەبلەر خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەننەرخى تۆۋەن، كۆڭۈلدىكىدەك يېزىقچىلىق ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتتى. خاتىرىلىنىشچە، ئەرەب زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەسىرلەر زىغىر ياكى كەندىر ئۈۋىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كىرگەن. مىلادىيە 794-يىلى باغدادتا تۇنجى قەغەز زاۋۇتى قۇرۇلدى. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ۋەزىرى جەئفەر بەرمەكىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بۇنىڭدىن كېيىن تېرە قەغەز ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاختا قەغەز ئىشلىتىدىغانلىقى جاكارلاندى. مىلادىيە 891-يىلىغا قەدەر پايتەخت باغدادتا نورغۇنلىغان كىتابخانىلار بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەغەز دۇككىنى، كىتاب دۇككىنى، قەغەز زاۋۇتى پەيدا بولۇشقا باشلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىشكە باشلىدى. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەغەز پۈتۈنلەي قوي تېرىسى قەغىزى ۋە ئۆسۈملۈك قەغەزنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئەرەب ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىشكە باشلىدى.

ئاббاسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يەنە يۈسۈپ ئەلسىجزىي(825د خەفىفۇسسۇلۇس) دىن ئىبارەت ئىككى نۇسخىنى ئىجاد قىلىپ يۇقارقىناملار بىلەن ئاتىغان. ئۇ يەنە رىياسىي ناملىق بىر خەت نۇسخىسىنىمۇ ئىجاد قىلغان. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، مۇشۇ دەۋردە پەيدا بولغان نۇسخىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق داۋاملىشالماي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئەشۇ نۇسخىلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى دەۋرلەر مابەينىدە خەتتاتلارنىڭ ئىجتىھاد بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشىدىن ئۆتۈپ كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۇلاشقان. قەدىمكى ئەنئەنىدە «شىش قەلەم» دەپ ئاتالغان سۇلۇس، نەسخ،

مۇھەققەق، رەيھانىي، رۇقئە ۋە تەۋقىي نۇسخىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەل ئەقلامۇس ـ سىتتە» دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان.

ئەرەپ خەتتاتلىقىنىڭ رەسمىي گۈللىنىش باسقۇچى 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن باشلاندى. بۇ چاغدىن باشلاپ بۇ بىر قىسىم خەتتاتلار ئىلمىي قائىدە ۋە سەنئەت نۇقتىسىدىن ئەرەب ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئىجاد قىلدىۋە قېلىپلاشتۇردى ۋە ئەسەر ئىجاد قىلدى. ئەبۇ ئەلى مۇھەممەد ئىبنى مۇقلەھ ( 940 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر خەتتات بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى چىرماش نۇسخىلارنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتى ۋە ئىلمىي ھەندەسە (گېئومېترىيە) بىلىمى ئاساسىدا ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يىگانە تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

10 ـ ئەسىرلەرگىچە ۋاقىتتا ئەرەبلەردە 20 دىن كۆپرەك ھۆسنخەت نۇسخىسى ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا نازۇكلۇق ۋە گۈزەللىك كەم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، خەت سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ھەم خىلمۇ ـ خىل نۇسخىلارنىڭ تەرتىپسىز رەۋىشتە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خەتتاتلىقنىڭ نىزامى ۋە قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش تەقەززاغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىبنى مۇقلەھ شۇ چاغقىچە كەڭ ئىشلىتىپ كەلگەن ھەم ئېتىراپ قىلىنىدىغان بىرەك خەت نۇسخىسى ـ كۇفىي نۇسخىسى بىلەن گۈزەللىكتە رىقابەتلىشەلەيدىغان، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىك چىرماش خەت نۇسخىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. ئۇ رومبا شەكىللىك چېكىتنى ئۆلچەم قىلغان خەتتاتلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەرەب يېزىقىدىكى ھەربىر ھەرپىنىڭ گېئومېترىك شەكلىنى بېكىتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ نىسبىي شەكلىنى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنى رومبا شەكىللىك چېكىت، ئۆلچەملىك ئەلىف ۋە ئۆلچەملىك چەمبەرلەر ئارقىلىق قايتا لايىھىلىدى. بۇ سېستىمىدا رومبا شەكىللىك چېكىت قەلەمنى يانتۇ پەسكە سىيرىپ، چېكىتنىڭ قىرلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قەلەم ئۇچىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش بولغان ھالەتتە بېكىتىلدى. ئۆلچەملىك ئەلىفنىڭ ئېگىزلىكى چېكىتلەر ئارقىلىق بېكىتىلىدىغان، ئۈستىدىن ئاستىغا تىك تارتىلىدىغان سىزىقچە بولۇپ، ئۇ ئۆلچىنىدىغان چېكىتلەرنىڭ سانى بەشتىن

يەتتىگىچە بولىدۇ. ئۆلچەملىك چەمبەر بولسا دىئامېترى ئەلىف بىلەن تەڭ بولغان چەمبەردۇر. ئۆلچەملىك ئەلىف بىلەن ئۆلچەملىك چەمبەر ئاساسىي گېئومېترىك شەكىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

روشەنكى، ئىبىن مۇقلەھ خەتتاتلىق سەنئىتىگە مۇنتىزىم ئىلمىي قائىدە بېكىتىشتە غەلىبە قازاندى. بۇ سېستىمىدا ھەربىر ھەرپ مەزكۇر ئۈچ ئۆلچەمگە مەنسۇپ رەۋىشتە ئۆلچىنىدىغان ۋە يېزىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يېڭى ئۇسۇل «ئەلخەتتۇل مەنسۇب» دەپ ئاتالدى.

ئىبنى مۇقلەھ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ قائىدىدە رومبا شەكىللىك چېكىت، تىك تارتىلغان ئەلىف ۋە چەمبەردىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ھەرپلەرنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ۋە ئۆز ـ ئارا نىسبىتىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم سۈپىتىدە بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ قائىدە «ئەلخەتتۇل مەنسۇب» (*al*-*Khatt al*-*Mansub*) دەپ ئاتالغان. بۇ قائىدىگە ئاساسلانغاندا، ھەر بىر نۇسخىدىكى ھەرپلەر ئوخشىمىغان ساندىكى رومبا شەكىللىك چېكىت، دىئامېترى «ئەلىف» ئۇزۇنلۇقىدىكى چەمبەر ۋە ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ يەتتە چېكىت ئېگىزلىكىدىكى ئەلىف بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئۈچ گېئومېترىك ئۆلچەم بويىچە يېزىلىدۇ. بۇ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا ئىبنى مۇقلەھتىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە ئاساسلىق ھۆسنخەت قائىدىسى بولۇپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئىبنى مۇقلەھ ئوتتۇرىغا قويغان ھۆسنخەت قائىدىسى بولۇپ، بۇنىڭدا:



ئۈستىدە: رومبا شەكىللىك يەتتە دانە چېكىت ئېگىزلىكىدە تىك تارتىلغان ئەلىف.

ئوتتۇرىدا: ئۆلچەملىك ئەلىف ۋە ئۆلچەملىك چەمبەر.

ئاستىدا: «ئەين» ھەرپىنىڭ يۇقۇرىقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلىش شەكلى.

بەزى ماتېرىياللاردا ئىبنى مۇقلەھنىڭ مەزكۇر قائىدىنى ئالتە ئاساسىي خەت نۇسخىسىغا تەدبىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما ئىبنى مۇقلەھنىڭ ئەسەرلىرىدىن پەقەت بىر قانچە پارچىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر باغدادتىكى ئىراق مۇزىيىدا ساقلانماقتا. بۇلار نەسخ ۋە سۇلۇس بىلەن يېزىلغان توققۇز بەت ئەسەردۇر.

ئىبنى مۇقلەھنىڭ شاگىرتلىرى ئىبنى ئەلىسمسمانىي ۋە ئىبنى ئەسەدلەر ئۇنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى. كېيىن بۇ ئەنئەنە يۇقىرىقىلارنىڭ شاگىرتى «ئىبنى ئەلبەۋۋاب» دەپ تونۇلغان ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ھىلال (1022د) تەرىپىدىن يۈكسەلدۈرۈلدى. ئىبنى ئەلبەۋۋاپ ئىبنى مۇقلەھ بارلىققا كەلتۈرگەن خەتتاتلىق پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ئىبنى مۇقلەھ لايىھىلىگەن ھەرپلەرگە نازۇكلۇق، لاتاپەت ۋە گېئومېتىرىك گارمونىيە بەخش ئەتتى. ئىبنى ئەلبەۋۋاپ ئۆزىنىڭ ئەرەپ خەتتاتلىقىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئالتە ئاساسىي خەت نۇسخىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئىبنى ئەلبەۋۋاب ئالتە نۇسخىنىڭ ھەممىسىدە ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلىمىدە يېزىلغان نەسخ ۋە مۇھەققەق نۇسخىلىرىدىكى خەتلەر تەڭداشسىزدۇر.

13-ئەسىردە ياقۇت مۇستەسىمي (1298 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەرەب خەتتاتلىقىغا يەنە بىر چوڭ تۆھپە قاتتى. يەنى ئۇ قومۇشنىڭ ئۇچىنى يانتۇ كېسىپ قەلەم ياسايدىغان ئۇسۇلنى ئىجاد قىلدى. بۇنداق قەلەم بىلەن يېزىلغان نۇسخىلارنىڭ گۈزەللىك ۋە نازۇكلۇقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ياقۇت يەنە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالتە نۇسخىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يانداشتۇرۇپ، سۇلۇس نۇسخىسىدىن تۈرلىنىپ چىققان يېڭى بىر نۇسخىنى ئىجاد قىلدى. ھەمدە بۇ نۇسخا ئۇنىڭ نامى بىلەن «ياقۇتى» دەپ ئاتالدى.

مىسىردا بولسا مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ فاتىمىيە سۇلالىسى، ئەييۇب سۇلالىسى، مەملۇك سۇلتانلىقى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلدى. بۇ سۇلالەلەر ئابباسىيلار سۇلالىسى بىلەن تىركىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى مىسىردا روھلاندۇرۇپ، گۈللەپ ياشنىتىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

خەتتاتلىق سەنئىتى ساھەسىدە ھەم گۈللىنىش مەنزىرىسى نامايان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا مىسىرنىڭ خەتتاتلىرى باغدادتىكى بارلىق خەت نۇسخىلىرىنى قاھىرەگە ئېلىپ كىرىپ، تەتقىقات ۋە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى قاھىرەگە تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلىپ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئىلىم ئالاقىسى قويۇقلاشتى. قاھىرە باغدادتىن كېيىنكى يەنە بىر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئېيتىلىشىچە، پەقەت مىسىردىلا قۇرۇلغان خەتتاتلىق مەكتەبلىرى نورغۇن بولۇپ، ئۇلاردا كەڭ كۆلەمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەتتاتلىق سەنئىتى مىسىردا قايتا گۈللىنىشكە باشلىدى. خەتتاتلارنىڭمۇ ئورنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.ئۇلار ھەمىشە ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن تەپسىر ئېيتىدىغان بولدى. خەتتاتلار خەلىپەلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. مىسىرنىڭ بىرنەچچە خانلىقىدا خەتتاتلىقتا نام چىقارغان مۇتنۇەر خەتتاتلار ئاز بولمىغان. ئۇلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرىدىن: تەبتەب ئىبنى ئابدۇ (؟-943)، زەيدىن سەربانى ئىبنى مۇھەممەد (؟-1424)، ئابدۇراھمان ئىبنى ساھىقي (؟-1441 ) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدە تەبتەب ئىبنى ئابدۇ ئەڭ داڭلىقلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى ئۆزى بىلەن ئوخشاش دەۋردىكى خەتتاتلاردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى خەتتاتلىق ساھەسىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئەرەب تارىخچىسى سىندىي (1418-1355) نىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا مىسىردا كەڭ ئومۇملاشقان خەت نۇسخىلىرىدىن تۇمار، سۇلۇس، مۇھەققەق، ئىجازەت، رۇقئە قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئەرەب خەتتاتلىقى تارىختىكى خانلىقلارنىڭ ھالاك بولۇش ۋە باش كۆتۈرۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ مەركىزى قاھىرەدىن ئىستانبولغا يۆتكەلدى. ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى تەخمىنەن 600 يىلدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇ ئىسلام تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخي

جەرياندا ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ مەركىزىنىڭ ھەر بىر يۆتكىلىشى ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان پۇرسەت ۋە شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى.

ئوسمان تۈركلىرىنىڭ مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەكىتلەپلا قالماي، بەلكى يەنە سىرتىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەرەب خەتتاتلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ئۇلار دەل مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللانغان. تۈركىيەلىكلەر ئالدى بىلەن مىسىر، ئىراق، پارس (ھازىرقى ئىران) قاتارلىق جايلارنىڭ خەتتاتلىرىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ تەكلىپ قىلدى. بۇ خەتتاتلار تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن تۈركىيەگە خەتتاتلىق سەنئىتىنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب خەتتاتلىقى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر يولى ئېچىلىپ، خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تۈركىيەدە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىلگىرىكىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش ئېلىپ بېرىپ ئەرەب يېزىقىدىكى، جۇملىدىن ھۆسنخەتلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئۆلچىمىنى تەڭشەپ تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇردى. ھەرپلەرنىڭ ئۆلچىمى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، كۆركەملەشتۈرۈلۈپ ئەرەب خەتتاتلىقى تۈركىيەدە تېخىمۇ كامالەت تاپقۇزۇلدى. ئوسمان تۈركلىرى خەتتاتلىقنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ھەتتا تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتتە ئەرەبلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن، تۈركلەرنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. چۈنكى ئوسمان تۈركلىرى ئەڭ دەسلەپتە قوللانغان يېزىق ئەرەب يېزىقى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئەرەب ئىسلام دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەتتاتلىققا ئەھمىيەت بېرىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى.

تۈركلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەرەب خەتتاتلىقى ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئېنىقلا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئۇلار ئىلگىركىلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسىدا رۇقئە، سۇلۇس، دىۋانىي، جەللىي دىۋانىي شۇنداقلا تۇغرا قاتارلىق نۇسخىلارنى قايتىدىن رەتلەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭ

ئىچىدە تۇغرا نۇسخىسى تۈركلەر ئۆزى ئىجاد قىلغان نۇسخىدۇر. پۈتۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نورغۇنلىغان داڭلىق خەتتاتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەرەب خەتتاتلىقى تارىخىدا قازانغان ئۇتۇقلىرى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ نەتىجىسى مول بولدى.

ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىدە تۈرك خەتتاتلىرى شۇ دەۋردە يېزىلىپ كېلىۋاتقان ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارنى يۈكسەلدۈرگەندىن سىرت، ئۆزلىرىمۇ بىر قىسىم يېڭى ۋە يەرلىك ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇلار ئەرەب خەتتاتلىقىنى شۇ دەرىجىدە قەدىرلىگەنكى، بۇنى ئوسمانىيلار دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن ئېسىل بېزەلگەن نۇرغۇن «قۇرئان» قوليازمىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار يەنە زىننەتلىك ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بىلەن مەسجىد، مەكتەپ،ئامموۋى ئىمارەتلەرنى بېزىگەندىن سىرت، مىڭلىغان ساپ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر تۈركىيە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر خەتتات شەيخ ھەمدۇللا ئەماسىي (1520 - يىلى ۋاپات بولغان) دۇر. ئۇنىڭ شاگىرتى ئەھمەد قارا ھىسسارىيدىن بىزگىچە نۇرغۇن ئېسىل ھۆسنخەت ئۆرنەكلىرى قېلىپ قالغان. ھەمدۇللا ئەماسىيدىن كېيىنلا تۇرىدىغان مەشھۇر تۈرك خەتتاتى ئوسمان ئىبنى ئەلى («ھافىز ئوسمان» مۇ دېيىلىدۇ. 1698 - يىلى ۋاپات بولغان.) بولۇپ ئۇ غۇبار نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرگەن «قۇرئان »ۋە باشقا ھۆسنخەت ئەسەرلىرى بەدەئىيلىك جەھەتتە بەك ئۈستۈندۇر.

ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىدە كىتاب كۆچۈرۈش ۋە ھۆسنخەت مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇرۇشتا ئوسمانىيلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، 1682-يىلى قويۇۋېتىلگەن ياۋروپالىق ئىلىم ساھىبى لۇگىي فېردىناندو مارسىگىلىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا 80 مىڭدىن 90 مىڭغىچە خەتتات ۋە كىتاب كۆچۈرگۈچىلەر ئىستانبۇلدا خىزمەت قىلاتتى. ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كىتابەتچىلىك ئىدارىسى ئاخىرقى سۇلتان تەختتىن چۈشكەن 1924- يىلىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ خىزمەتتە بولغان بولۇپ، بۇ ئىدارە قارىمىقىدىكى كۈتۈپخانىلاردا نۇرغۇن ئېسىل قوليازمىلار ۋە ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلگەن.

تارىخىي نوقتىدىن قارىغاندا، ئەرەب خەتتاتلىقى پارىس، مەغرىبىي قاتارلىق رايونلاردىمۇ كۆرنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مىلادىيە 15-ئەسىردە پارىس خەتتاتى مىر ئەلى تەبرىزى (تەخمىنەن1360-1420) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىبنى مىر تارىختا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان پارسىي خەت نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنى ئەرەب خەتتاتلىقى ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى ئېقىم بارلىققا كەلتۈرۈش دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدىكى مەغرىبلىكلەر كۇفى نۇسخىسى ئاساسىدا يېڭىدىن مەغرىبىي نۇسخىسىنى ئىجاد قىلىپ، مول، رەڭگارەڭ ئەرەب خەتتاتلىقى سەنئىتىگە گۈل ئۈستىگە گۈل قوشقاندەك تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىبنى مۇقلەھ تەرىپىدىن تىكلەنگەن، ئىبنى ئەلبەۋۋاب گۈزەللىك بەخش ئەتكەن، ياقۇت مۇستەسىمىي تەرىپىدىن يۇقىرى پەللىگە يۈكسەلدۈرۈلگەن ئىسلام خەتتاتلىقى 13-ئەسىردىن تارتىپ مۇقىم تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى بىر دەۋرگە كىردى. چىڭگىزخان ئىستىلاسى ئىسلام خەتتاتلىقىدا بىر مەزگىللىك توختاپ قېلىش ۋە چېكىنىشنى پەيدا قىلدى. ئەمما ھاياتىي كۈچى زور بۇ ئەنئەنە ئەمىر تېمور دەۋرىدە قايتا گۈللىنىشكە سەۋەب بولدى. تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا خەتتاتلار ئەرەبلەردىكى «قۇرئان»نى كۇفىي نۇسخىسىدا كۆچۈرىدىغان ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رەيھانىي، نەسىمىي، تەئلىق، غۇبار نۇسخىلىرىدا نۇرغۇن «قۇرئان»نى كۆچۈردى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى كۆچۈردى. بۇنداق خەتتاتلىق ئەنئەنىسىنى تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملاشتۇردى. تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ (1405-1447) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان، شاھرۇخنىڭ يەنە بىر ئوغلى بايسۇنغۇر قاتارلىقلار تولىمۇ كىتابخۇمار، خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئىشتىياقى زور كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن 15-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرخىل ھۆسنخەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن مىنىياتۇرا رەسىملىرى ھەم نەقىشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ نۇرغۇن «قۇرئان»، «خەمسە»لەر بارلىققا كەلدى.

پۈتۈن بىر ئەرەب تارىخىغا-ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن خانلىقلارغا ۋە ئىمپېرىيىلەر دەۋرىگە قارايدىغان بولساق، بۇلار ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش دەۋرلىرى بولغان. سۈرىيەنىڭ دەمەشقتىن ئىراقنىڭ باغدادقىچە، باغدادتىن مىسىرنىڭ قاھىرەگىچە، قاھىرەدىن

تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلغىچە، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بىر مەركەزدىن يەنە بىر مەركەزگىچە بولغان يۆتكىلىشلىرى خۇددى چوڭ دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىغا ئوخشاش دولقۇنلاپ مەۋج ئۇرۇپ كەلگەن. باغداد، قاھىرە، ئىستانبۇلدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەرنى مەركەز قىلغان مىڭ يىلدىن كۆپرەك جەرياندا ئەرەب خەتتاتلىقى كەڭ كۆلەملىك گۈللىنىشكە ئېرىشىپ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئاۋاتلاشقان ياخشى بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنداقلا بۇ دەۋرلەرنى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنە بىر كىتابخۇمار شاھ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1506) نىڭ ھوزۇرىدا ئابدۇللا ئىبنى مىرئەلى، جەئفەر تەبرىزىي، مۇھەممەد مۇئمىن ئىبنى ئابدۇللا، ئابدۇللا تەبباخ، ئابدۇلھەق سەبزەۋارىي.... قاتارلىق خەتتاتلار توپلاشقان ئىدى.

تېمۇرىيلەر دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ مەركىزى سەفەۋىد سۇلالىسىگە يۆتكەلدى. سەفەۋىد شاھى شاھ ئىسمائىل (1502ـ1524) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى شاھ تاھماسىپ (1524ـ1576) دەۋرىدە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ گۈللەنگەن مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ دەۋتى بىلەن، تەئلىق نۇسخىسى تولۇق شەكىللەندۈرۈلدى ھەمدە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىغا ئايلاندۇرۇلدى. كېيىن ئۇنىڭدىن نەستەئلىق نۇسخىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇ نۇسخىلار پارس تۈركىي ۋە ئوردو تىللىق خەلقلەر كۆپ ئىشلىتىدىغان نۇسخا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىدە مەزكۇر ئىككى ياش نۇسخا ئاساسلىق نۇسخا ئاساسلىق نۇسخىلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەمما تەئلىق نۇسخىسى ئەرەبلەردە ئاساسەن ئېتىبارغا ئېلىنماي كەلگەن بولۇپ، پارسلار، ھىندىلار (ئوردۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار ـپاكىستان ۋە قىسمەن ھىندىستان) ۋە تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق ھۆسنخەت نۇسخىسى بولۇپ قالدى.

**(3) يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب خەتتاتلىقى**

مىلادىيە 19 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەرەب خەتتاتلىقى نوقۇل ھالدا ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىدىلا گۈللىنىشكە ئېرىشىپ قالماي، بەلكى يەنە غەيرى ئەرەبلەر ۋە ئىسلام دۆلىتى ئەمەس رايونلاردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئاباسىيلار

خانلىقنىڭ خەلىپىسى مۇئمىن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر تاشقى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە دىنىنى كۆز-كۆز قىلسا، بىزمۇ ئۇلارغا پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزىمىزنىڭ بىزدىن باشقا ئەللەردە بولمىغان، ھەممە ئادەم ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان، شەكلى رەڭگارەڭ بولغان نەپىس خەتتاتلىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويىشىمىز كېرەك.» 21-ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب خەتتاتلىقى ئاللىقاچان دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىپ بولدى. ئۇ پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭلا مەدەنىيەت سەنئىتى بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ تەشكىلى قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب خەتتاتلىقى نۇسخا، تۈر، شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىسى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. مەيلى شەكىل خۇسۇسىيىتى، ئومۇمىي كۆرۈنىشى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ياكى ئۇسلۇب ۋە ئىقىم جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە مۇشۇ دەۋر پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن ھازىرقى زامان خەتتاتلىقى سەنئىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭى بىر ئەۋلاد خەتتاتلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، تالانتلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، خەتتاتلىق تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىدە كونىلىرىنى ئۈزلۈكسىز چىقىرىپ تاشلاپ يېڭىلىرىنى يارىتىپ، ھازىرقى زامان خەتتاتلىق سەنئىتى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئاچتى.

ئەرەب خەتتاتلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە جارىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە، بىر قىسىم ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى ھەمىشە ھەر خىل كۆلەمدىكى خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەپ خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ۋە تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ تۇردى. تۈركىيەنىڭ خەلقئارالىق ئەرەب خەتتاتلىقى چوڭ مۇسابىقىسى، ئىراقنىڭ ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە ئىسلام بېزەكلىرى خەلقئارالىق سەنئەت بايرىمى، پاكىستاننىڭ خەلقئارالىق خەتتاتلىق مۇسابىقىسى ۋە كۆرگەزمىلىرى، ئىراننىڭ ئىسلام دۇنياسى خەتتاتلىق سەنئىتى بايرىمى، كۇۋەيتتىكى ئىسلام مىراسلىرى سەنئەت بايرىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە ئەرەب خەتتاتلىقى

سەنئىتى پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تۈۋەندە تۈركىيە ، ئىراق ، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەرەب خەتتاتلىقى كۆرگەزمىلىرىنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە قىسقىچە قاراپ ئۆتىمىز:

تۈركىيە خەلئارالىق ئەرەب خەتتاتلىقى مۇسابىقىسى 1986 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 2000 ـ يىلىغىچە بەش قېتىم ئۆتكۈزۈلدى . ئاساسلىق ئويۇشتۇرغۇچى ئورۇن ، ئىستانبول ئىسلام تارىخى، سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزىدۇر. دەسلەپ تەشكۈللىگۈچىسى سەئۇدىي ئەرەبىستانى شاھزادىسى ، خەلقئارا ئىسلام مەدەنىيىتى مىراسلىرىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ رەئىسى فەيسەل ئىبنى فاھىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز بولۇپ، بۇ كومىتېت داڭلىق بولغان مۇتەخەسسىس، ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كونكرېت باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. ھەر قېتىملىق مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغاندا، بۇ كومىتېت دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مۇسابىقە قائىدىسىنى، تۈرىنى ۋە موكاپاتلاش ئۇسۇلىنى جاكارلايدۇ . 1986 ـ يىلى مەزكۇر كومىتېت داڭلىق خەتتات ھامىد ئامەدى (1891 ـ 1981) نى خاتىرلەش يۈزىسىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك ئەرەب خەتتاتلىقى مۇسابىقىسىنى ئويۇشتۇرغان. كېيىن 1989 ـ يىلى داڭلىق خەتتات ياقۇت مۇستەئسىمىينى خاتىرلەپ يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقە بولغان . 1993 ـ يىلى داڭلىق خەتتات ئىبنى ئەلبەۋۋاب (؟ ـ 1298) نى خاتىرلەپ 3 ـ قېتىملىق مۇسابىقە ئۆتتۈزۈلگەن. 1998 ـ يىلى داڭلىق خەتتات شەيخ ھەمدۇللا ئەماسى (1429 ـ 1520) نى خاتىرلەپ 4 ـ قېتىملىق مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن . 2000 ـ يىلى داڭلىق خەتتات سەيىد ئىبۇراس (1897 ـ 1994)نى خاتىرلەپ 5 ـ قېتىملىق مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن . 1 ـ قېتىملىقتىن 5 ـ قېتىملىققىچە بولغان مۇسابىقىلەر 14 يىلنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن . مۇسابىقىنىڭ تۈرى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جەللىي سۇلۇس، سۇلۇس، نەسخى، جەللىي تەئلىق، تەئلىق، جەللىي دىۋانىي، دىۋانىي، كۇفىي، تۇغرا، رەيھانىي، ئىجازەت، رۇقئە، مەغرىبىي قاتارلىق نۇسخىلارغا ئايرىلىدۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۈلارنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ 3 كىچە نۇسخىنى خىلغانچە تاللاپ مۇسابىقىگە

قاتناشسا بولىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلىرى ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب، ئوخشاش بولمىغان خەتتاتلىق ئېقىملىرى ئىجاد قىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە ئەرەب خەتتاتلىقى سەنئىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ھەرقېتىملىق مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان دۆلەت 30ـ40 قىچە بولۇپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىر تۈنجى قېتىمقى 300 ئادەمدىن بارا ـ بارا كۆپىيىپ 800 گە يېقىنلاشقان. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەر سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 2000 پارچىغا يېقىنلاشقان.

ئىراق ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە ئىسلام بىزەكلىرى خەلقئارالىق سەنئەت بايرىمى 1988ـ يىلى باشلانغان بولۇپ 1998ـ يىلىغىچە يەتتە قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. بىرىنچى قېتىملىق سەنئەت بايرىمىدىن كېيىن ئىراقتا ئۇرۇش بولغانلىقتىن، كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق سەنئەت بايرىمى ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى خەتتات ۋە سەنئەتكارلارنى ئاساس قىلدى. تاشقى ئەللەردىكى نورغۇنلىغان خەتتات ۋە سەنئەتكارلار ناھايىتى ئاز قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق سەنئەت بايراملىرىنىڭ كۆلىمى تەبىئىيلا بىرىنچى قېتىملىققا يەتمىدى.ئىراق بۇ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن باغدادتىكى بۇ خەتتاتلىق ۋە بىزەكچىلىك بايرىمى ئۇرۇش سەۋەبلىك توختاپ قالغىنى يوق. پاكىستان خەلقئارالىق خەتتاتلىق سەنئىتى مۇسابىقىسى ۋە كۆرگەزمىسى 1998ـ يىلىدىن 2000ـ يىلىغىچە پاكىستاننىڭ بەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ لاھور شەھىرىدە ئۈچ نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى . پاكىستان ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ تەشكىللىگەن تەشكىلىي كومىتېت ۋە باھالاش ھەيئىتى كونكرېت خىزمەتلەرنى يۈرگۈزىدۇ. مۇسابىقە ۋە كۆرگەزمىگە قاتنىشىش دائىرىسى مەزكۇر دۆلەتنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تاشقى ئەللىنىڭ خەتتاتلىرىمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلىدۇ. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقە ۋە كۆرگەزمىگە قاتناشقان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەتتاتلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 دىن 200 گىچە، قاتناشتۇرۇلغان ئەسەر 300 ـ 400 پارچىغىچە بولغان. كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەرگە كەلسەك ئۇلار تېخىمۇ سان ـ ساناقسىز بولغان. كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلگەن مەزگىلدە،

كۆرگەزمە مەركىزىگە كىلىپ-كىتىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن.

بۇلاردىن باشقا ئىران،كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىلگىرى-كىيىن بولۇپ خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرى ۋە كۆرگەزمىلىرىنى ئۆتكۈزدى. بۇ توغرىلىق تەپسىلىي توختالمايمىز. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئەرەب، ئىسلام ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرەب خەتتاتلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەتتاتلار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەزىبدارلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز-ئارا بەيگىگە چۈشۈپ خەتتاتلىقنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مانا بۇ جەريانىدا، بىر تۈركۈم يېڭىدىن بايقالغان مۇنەۋۋەر خەتتاتلار خۇددى يامغۇردىن كيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك يىتىشىپ چىقتى. ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىگەن ھۆسن خەتلەرنىڭ قامىتى كۆركەم، شەكلى يېڭى، مەزمۇنى چوڭقۇر، رەڭگارەڭ بولغان. نورغۇنلىغان خەتتاتلار يەنە ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈنلەي يېڭى بولغان، ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبتىكى، ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە، پۇراققا، ئېقىمغا ئىگە بولغان ئەرەب خەتتاتلىقى سەنئىتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ چەكسىز سىھرى كۈچىنى،سىرلىق بولغان تىلسىماتلىق نەزەرىيلىرىنى ۋە سالماق بولغان ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا، ئاساسلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئىبنى مۇقلەھ ئوتتۇرىغا قويغان قائىدە ئاساسىدا، تارىختىكى ئەرەب، فارس ۋە تۈرك خەتتاتلىرىنىڭ ئىلگىرىكىلەرنى ئەينەك قىلىپ تەكرار ئىجاد قىلىشى داۋامىدا 16 - ئەسىرلەردىن كېيىن مۇقىملاشتى. كېيىنكى دەۋردىكى خەتتاتلارمۇ ھۆسنخەت شەكىللىرىدە ئىلگىرىكى نۇسخا شەكىللىرىگە سادىق بولۇشنى قەتئىي پرىنسىپ قىلدى. ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا نۆۋەتتە ئىككى خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى بار. بىرى، خەتتاتلار ئىلگىرىكى ئىبنى مۇقلەھ، ئىبنى ئەلبەۋۋاب، ياقۇت مۇستەسىم، مىر ئەلى تەبرىزىي، سۇلتان ئەلىي مەشھەدىي، مىر ئەلىي ھىرەۋىي، تاجى سەلمانىي، شاھ مەھمۇد نىشاپۇرىي، قاسىم شادى، كامالىددىن ھىراتىي، غىياسىددىن ئىسفاھانىي، ئەھمەد قاراھىسارىي، ھافىز ئوسمان، شەيخ ھەمدۇللا، قاسىم غۇبارىي ۋە ھاشىم

مۇھەممەدلەرگە ئوخشاش پىشۋا خەتتاتلارنىڭ ھۆسنخەتلىرىدىكى نۇسخا ئالاھىدىلىكىگە تەدبىقلاپ، شۇلار ئىجاد قىلغان كلاسسىك ھۆسنخەت ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش. بۇنىڭدا ئىلگىرىكى خەتتاتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە شۇ ئەسەرلەر ئۇسلۇبىدا يېڭى ئەسەر يارىتىش ئاساس قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەت سەنئىتىنى سۇ بوياق ۋە ماي بوياق رەسىملەر ھەم مىنياتۇرا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئەسىرى يارىتىش، شۇنداقلا سۆزلەرنى ھەر خىل ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدا ئۆزگەرتىپ يېزىپ، ئۇلاردىن ماركا، تۇغ، بەلگە لاھىيىلەش ۋە ئۇلارنى كومپيۇتېر تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش. نۆۋەتتە كۆپىنچىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئەرەب خەتتاتى مەئمۇن سەققال ۋە ھەسەن مەسئۇدىيلارنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئىككىنچى خىل يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### 3. كلاسسىك ئەنئەنىدىكى ئاساسلىق نۇسخىلار

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا ئاساسلىق نۇسخىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى قوشۇلۇپ جەمئىي 44 نۇسخا بار بولۇپ، ئۇلار: ئەرەبلەردە مىلادى 7 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن كۇفىي (ئۇنىڭ كېيىن پەيدا بولغان ۋارىيانلىرىدىن يەنە شەترەنج كۇفىي ياكى كۇفىي مۇرەببە، نەقىشلىق كۇفىي، ياپراقلىق كۇفىي)، مايىل، جائىز ۋە مەشق نۇسخىلىرى، دەسلەپكى چىرماش نۇسخىلاردىن تۇمار، جەم ۋە نىسق نۇسخىلىرى، ئاباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن دەۋرىدە (يەنى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) بارلىققا كەلگەن رىياسىي خەت نۇسخىسى، 12ـ ئەسىرلەردە مۇقىملاشقان، «ئەلئەقلامۇس سىتتە» ياكى «شەش قەلەم» دەپ ئاتالغان سۇلۇس (ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىدىن سەلسى سۇلۇس، جەللىي سۇلۇس، كۆرگۆل، مەھبۇك سۇلۇس)، نەسخ، رەيھانىي، مۇھەققەق، رۇقئە ۋە تەۋقىي نۇسخىلىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياقۇت مۇستەسىم ئىجاد قىلغان ياقۇتىي خەت نۇسخىسى، فارسلار 14 ـ ئەسىرلەردە ئىجاد قىلغان تەئلىق (بۇ فارسىي خەت نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىيانتى شىكەستە تەئلىق.) نۇسخىسى، ئوسمان تۈركلىرى 16 ـ ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىپ خەتتاتلىقتىكى مۇھىم نۇسخىلارنىڭ بىرىگە

ئايلاندۇرغان دىۋانىي (ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتى جەللىي دىۋانىي) نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى (بۇنى نەسخ نۇسخىسىنىڭ ۋارىيانتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.)، 16 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن غۇبار ، ئىجازەت، تەسۋىرىي، سۇمبۇل خەت نۇسخىلىرى، شىمالىي ئافرىقىدا بارلىققا كەلگەن مەغرىبىي (بۇ ئەندەلۇسىي نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)، قەيرۇۋانىي، فاسىي ۋە سۇدانىي نۇسخىلىرى، جۇڭگودىكى خۇيزۇ مىللىتى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان سىينى نۇسخىسى، يېقىنقى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن گۈلزار، زۇلفى ئارۇس، تەۋئەم (بۇ «مۇسەننا» ياكى «ئەينەلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)، تۇغرا، ھەرفۇن ـ نار، ھۇرۇفۇت ـ تاج … ، ۋە يەنە ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان تۈز خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى قانداق بېكىتىشتە ئەسلىي نۇسخىلار بىلەن ۋارىيانت نۇسخىلار قوشۇپ ھېسابلاش ياكى ئەسلىي نۇسخىلارنىلا ھېسابلاپ، ۋارىيانت نۇسخىلارنى ھۆسن خەت نۇسخىلىرى ئىچىگە قوشۇش ھەققىدىكى پىكىرلەر بىردەك ئەمەس.

ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا پەيدا بولغان باشقا مىللىي يېزىقلار خەتتاتلىقىدا تۈرلۈك ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ناملىرىنىڭ قانداق ئاتىلىشى مۇرەككەپ بىر ھادىسەدۇر. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە ئامىل بار: (1) دەسلەپتىكى ئەرەبلەرنىڭ خەتتاتلىقىدە مۇتلەق كۆپ ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ناملىرى ئەرەب يېزىقىنىڭ سەنئەت نۇقتىسىدىن ھۆسنخەت سۈپىتىدە يېزىلغان مەلۇم شەھەر ۋە جايلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، كۇفىي نۇسخىسى (كۇفە شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)، ھىجازىي (ھىجاز رايونىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)، ئەنبەرىي (ئەنبەر رايونىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)، مەغرىبىي (شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەبلەر ياشىيدىغان زېمىنلارنىڭ نامى) نۇسخىسى دېگەندەك؛ (2) سەل كېيىنرەك دەۋرلەردىن تارتىپ ھۆسنخەتنىڭ قانداق بىر مەقسەدلەردە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ نام بېرىلگەن. مەسىلەن، كىتاب كۆچۈرۈش مەقسىدىدە كۆپرەك يېزىلغان نەسخ (كۆچۈرمە) نۇسخىسى، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىدە دىۋان يەنى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى خاتىرىلەش مەقسىسدە يېزىلغان دىۋانىي نۇسخىسى دېگەندەك. (3) ھەرپلەرنىڭ يېزىقتا قانداق سىياقتا ياكى قانداق نىسبەتتە يېزىلىشىغا ئاساسەن نام بېرىلگەن. مەسىلەن، ھەرپلەر يانتۇراق يېزىلىدىغان مايىل ـ يانتۇ نۇسخىسى ۋە ھەرپلەر ئۈچلىك نىسبەتتە قاتلىنىپ كىرىشتۈرۈلۈپ

يېزىلىدىغان سۇلۇس نۇسخىسى، ھەرپلەر تۈز ۋە قاتتىق قائىدىگە رىئايە قىلىنىپ يېزىلىدىغان تۈز خەت نۇسخىسى ۋە ھەرپلەر كېسىپ يېزىلىدىغان كەسمە خەت نۇسخىسى دېگەندەك؛ (4) ھۆسنخەتتە ھەرپلەرنىڭ چوڭ ياكى كىچىك يېزىلىشىغا ئاساسەن نام قويۇلغان. مەسىلەن، ھەرپلەر چوڭ يېزىلىدىغان قەدىمكى نۇسخا ـ مەشق ۋە ھەرپلەر ئىنتايىن كىچىك يېزىلىدىغان غۇبار نۇسخىسىغا ئوخشاش؛ (5) ئادەتتىكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ بېزەكلىك بولۇشىغا ئاساسەن نام بېرىلگەن. مەسىلەن، ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەر خەتتاتلىقىدا «جەللىي» نامى بىلەن ئاتالغان ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ئاددىي ھۆسنخەت نۇسخىسىنىڭ بېزەكلىك (يەنى جۇلالىق) ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى، جەللىي سۇلۇس نۇسخىسى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ بېزەكلىك ۋارىيانتى، جەللىي دىۋانىي نۇسخىسى بولسا دىۋانىي نۇسخىسىنىڭ بېزەكلىك ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە گۈلزار نۇسخىسى بولسا ھەر قانداق بىر ھۆسنخەت نۇسخىسىدا ھەرپلەرنىڭ ئىچىنى (يەنى غولىنى) گۈل ـ گىياھ ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن بېزەپ يازىدىغان بىر نۇسخىدۇر؛ (6) بەزى نۇسخىلارنىڭ نامى بولسا شۇ نۇسخىلارنى ئىجاد قىلغان خەتتاتلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، ياقۇت مۇستەئسىمىينىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ياقۇتىي خەت نۇسخىسى؛ ...

ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى باشقا يېزىقلار خەتتاتلىق سەنئىتىدە ھۆسنخەر نۇسخىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىك بار: بىرى، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئەرەب خەتتاتلىقى شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دەۋرلەردە ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ناملىرى كۆپىنچە مەلۇم جايلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان ۋە بۇنداق ناملار ئۇزاق ئىشلىتىلمەيلا يوقاپ كەتكەن. ئىككىنچى، 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ نەزەرىيەلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە يېتۈك خەتتاتلارنىڭ ھەر قايسى نۇسخىلاردا ئېسىل ئەسەرلەرنى رويابقا چىقىرىشى بىلەن، ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ناملىرى شەكىللىنىپ مۇقىملاشتى. بۇ دەۋرلەردىن تارتىپ شەكىللەنگەن ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ناملىرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۆزگەرتىلمەي ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى، 18 ـ ۋە 19 ب ـ

ئەسىرلەردىن تارتىپ، ئەرەبلەردىن باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىدا ئەرەب خەتتاتلىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن ياكى ئىجاد قىلىنغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇلار شۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىكى ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار بولدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىكى تۈز خەت ۋە كەسمە خەت نۇسخىسى، فارسلاردىكى شىكەستە تەئلىق نۇسخىسى دېگەندەك. شۇڭغا دىققەت قىلىپ قويۇشقا بولىدۇكى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقلار خەتتاتلىقىدا بەزى نۇسخىلارنىڭ ئوخشىمىغان رايونلاردا ئاتىلىشىدا بەزى پەرقلەر ساقلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى بىر نام بىلەن ئاتالغان قىسمەن نۇسخىلارنىڭ ھەر قايسى رايونلاردىكى يېزىلىش ئۇسلۇبىدىمۇ بەزى پەرقلەر ساقلانغان.

تۆۋەندە ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى ھەر قايسى نۇسخىلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

**1. جەزم نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قەدىمكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرى:**

ئەڭ دەسلەپكى ئەرەب يېزىقى يېزىلىدىغان نۇسخىنىڭ نامىنىڭ «جەزم» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم. جەزم نۇسخىسىدىكى يېزىقتىكى ھەرپلەرنىڭ تىك، قىرلىق ھالەتتە يېزىلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى، ھەمدە ئۇنىڭدىكى ھەرپلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ تەڭ نىسبەتتە يېزىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ كېيىنكى كۇفىي نۇسخىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە شەك يوق. جەزم خەت نۇسخىسى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ ۋە ئىشلىتىلىپ، بارلىق ئەرەبلەر ئىشلىتىدىغان خەت نۇسخىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئۇ «قۇرئان»نى كۆچۈرۈش، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مۇقەددەس نۇسخا دەپ قارالغان. كېيىنچە جەزم نۇسخىسىدىن مەلۇم شەھەرلەر جايلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بەزى خەت نۇسخىلىرى راۋاجلىنىپ چىقتى. مەسىلەن: ئەنبەردە ئىشلىتىلگەن جەزم نۇسخىسىدىن ئەنبەرىي، ھىرادا ئىشلىتىلگەندىن ھىرىي، مەككە ۋە مەدىنىدە ئىشلىتىلگىنىدىن مەككىي ۋە مەدەنىي دەپ ئاتالغان نۇسخىلار تۈرلىنىپ چىقتى. ئەمما بۇ تۈرلىنىپ چىققان نۇسخىلارنىڭ خاس خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى تولىمۇ كەم ئىدى. ئەمما مەدىنىدە ئىشلىتىلگەن ھۆسنخەت نۇسخىلىرى ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ تونۇلغان بولۇپ، ئۇلار مۇدەۋۋەر (يۇمۇلاق)، مۇسەللەس (ئۈچ بۇلۇڭلۇق) ۋە تىئىم

( يۇقىرىقى ئىككىسىنىڭ بىرلەشمىسى) لاردۇر. بۇ ئۈچىدىن ئىككى ئاساسلىق نۇسخا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەگرى، چىرماش يېزىلىدىغان نۇسخا (يەنى مۇدەۋۋەر) ۋە تىك بۇلۇڭلۇق نۇسخا (مەبسۇت) لاردۇر. بۇ ئىككى شەكىلدىن كېيىنچە ئۈچ ئاساسلىق نۇسخا تەرەققىي قىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار مايىل (يانتۇ)، مەشق (سوزۇلغان) ۋە نەسخ نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. ئەمما مەزكۇر ئۈچ نۇسخا ھىجازدا ئىشلىتىلگەن مەزگىلدە كۇفەدە كۇفىي نۇسخىسى راۋاجلاندۇرۇلدى ھەمدە باشقا يۇرتلاردىمۇ كەڭ ئىشلىتىلدى. مەشق ۋە نەسخ نۇسخىلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما مائىل نۇسخىسى داۋاملىشالمىدى ھەمدە كۇفىي نۇسخىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى.

### 2. مائىل خەت نۇسخىسى:

خۇددى ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ خاسلىقلىرى تولىمۇ كەم بولۇپ، ھەر قايسى نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تۈتۈق ۋە ئاز ئىدى. ئەمما دەسلەپكى نۇسخىلار ئىچىدە مەككە ۋە مەدىنىدە قوللىنىلغان، ئۇستىگە تارتىلىدىغان تىك سىزىقلىرى ئوڭغا مايىل يېزىلىدىغان، «مايىل نۇسخىسى»دەپ ئاتالغان بىر خەت نۇسخىسى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، بۇ 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولۇپ، بىر مەزگىل كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇسخا كۇفىي نۇسخىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بولۇپ، بۇ نۇسخا كېيىنچە ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

### 3. مەشق نۇسخىسى:

مەشق نۇسخىسى ئەڭ دەسلەپكى خەت نۇسخىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۇفىي نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا سەل چىرماشراق يېزىلىدىغان، تىك سىزىقلار قىسقا، ئەمما يانتۇ سىزىقلار ئۇزۇن تارتىپ يېزىلىدىغان نۇسخىنىڭ نامى ئىدى. بۇ نۇسخىنىڭ بىر قاتار قائىدىلىرى بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە تونۇشتۇرۇشنى قىسقارتىمىز. بۇ نۇسخا 7-ئەسىردە كۇفىي نۇسخىسى كۇفەدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بىر ۋاقىتتا، مەككە ۋە مەدىنىدە تۇنجى قېتىم راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئايرىم خەت نۇسخىسى سۈپىتىدە تىكلەندى، ھەمدە تەدرىجىي ئاددىيلىشىپ، ئاخىرىدا مەشق نۇسخىسى بولۇپ

شەكىللەندى. 11ـئەسىرلەردىن كېيىن مەشق نۇسخىسى ئاساسەن ئىشلىتىشتىن قالدى.

### 4. كۇفىي نۇسخىسى:

كۇفىي ئەرەبچە «الكوفه» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئۇ ئىراقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مەشھۇر بىر تارىخىي شەھەر بولۇپ، ھىجرىيە 17ـ يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېرىم ئارالغا بولۇپمۇ جەنۇبىي قىسىم رايونلارغا تارقالغان ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى كۇفە شەھرىدە توپلىنىش، ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ۋە راۋاجلىنىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، كۇفىي نۇسخىسى دېيىلگەن.

8ـ ئەسىردە بەسرەھ ۋە كۇفەدىن ئىبارەت ئىككى ئىسلام شەھرىنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن، بۇ ئىككى شەھەردىكى ئىلىم ساھىبلىرى ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ يېزىقىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى. بۇ جەرياندا قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىدىكى نۇسخىلار ئاساسىدا تىك ۋە توغرا سىزىقلىرى تىك تارتىلىدىغان، ھەرپلەر ئەينى بىر نىسبەت بويىچە يېزىلىدىغان، ئۇچبۇلۇڭ ۋە تۆت قىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ھۆسنخەت شەكلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، ھەمدە «ئەلخەتتۇل كۇفىي» (كۇفىي خەت نۇسخىسى) نامى بىلەن تونۇلدى. بۇ نۇسخىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئىلگىرىكى خەت نۇسخىلىرىدىكى تەرتىپسىزلىك ئەھۋالى تېزدىن يوقىدى، قېلىپلاشمىغان ھەرخىل نۇسخىلار ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. ھەمدە كۇفىي نۇسخىسىنىڭ ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن زور بولدى.

كۇفىي نۇسخىسى 8ـئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆز تەرەققىيات تارىخىدىكى يۇقىرى پەللىگە چىقتى، ھەمدە كېيىنكى 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلغان، «قۇرئان»نى كۆچۈرۈشتە ئاساسلىق ئىشلىتىدىغان نۇسخا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدىكى كۇفىي نۇسخىسىدا خەتلەرنىڭ ئىگىزلىكىدىن كەڭلىكى چوڭراق بولۇپ، ئاساسىي سىزىقنىڭ ئاستىغا ھەرپلەرنىڭ بۆلەكلىرى ئاساسەن چۈشۈرۈلمىگەن. شۇڭا بىر قۇر خەتنىڭ كۆرۈنىشى دائىم تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولۇپ پۈتكەن. بۇ نۇسخىدا دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بىر قىسىم «قۇرئان» كۆچۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە ئەرەب تىلىدىكى قىسمەن ئابىدىلەرمۇ يېزىلغان.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، كۇفىي خەت نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» لاردا بىزەكلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما كۇفىي نۇسخىسىدىكى يازمىلارنى تۈرلۈك گۈل ـ نەقىش ۋە باشقا بەلگىلەر ئارقىلىق بېزەش ئۇسلۇبى باش كۆتۈرگەن ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە شەرق تەرەپتە (خەلىپىلىكنىڭ شەرقىدە) كۇفىي نۇسخىسىدىكى يازمىلارنى بېزەپ يېزىش كەڭ قوللىنىلغان بىر خىل ئۇسلۇبقا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما غەرب تەرەپلىرىدە تاكى 16 ـ ئەسىرلەرگىچە مەزكۇر ئۇسلۇب قوللىنىلماي، كۇفىي نۇسخىسى ئەسلى ساددا ھالىتى بويىچە يېزىلىپ كەلدى. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن شەرقتە قوللىنىلغان بىزەكلىك كۇفىي نۇسخىسى تېز تەرەققىي قىلدى ھەمدە «مەشرىق كۇفىيسى» يەنى «شەرق كۇفىي خەت نۇسخىسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېزەكلىك شەرق كۇفىي نۇسخىسى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ خىش ـ كاھىشلىرى، تاشلار، ياغاچلار، مىتاللار، ئەينەكلەر، پىل چىشى، توقۇلمىلار،.....نىڭ يۈزىگە يېزىلىدىغان يازمىلاردا بىردەك كەڭ ئىشلىتىلدى. شەرق كۇفىي نۇسخىسى ئۆلچەملىك كۇفىي نۇسخىسىغا قارىغاندا نازۇكراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۈستىگە تارتىلىدىغان سىزىقلار (تىكلەر) خېلىلا ئېگىز، پەستىكلەر قىسقا ۋە سولغا مايىل، ئاساسىي سىزىقلارنىڭ ئاستىغا يېزىلىدىغان سەرمىلەر ئۇزۇنراق تارتىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئىمارەت ۋە كىتاب يۈزلىرىگە يېزىلغاندا بەزىدە ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى گۈل ۋە ياپراق شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەنە «گۈلدار كۇفىي » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇفىي نۇسخىسىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قولىيازما نۇسخىسى، شاخچە نۇسخىسى، يوپۇرماق نۇسخىسى، ئۆرۈمەچاچ نۇسخىسى، شەترەنجى نۇسخىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەندەلۇسىيە نۇسخىسى، شام نۇسخىسى، باغداد نۇسخىسى، مەۋسىل نۇسخىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كۇفى نۇسخىسى باشقا نۇسخىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. ئۇندىن باشقا كۇفى نۇسخىسى ئۆزىنىڭ تۈرلىرى، ئوبرازلىقلىقى، بېزەكچىلىك ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەڭداشسىز بولۇپ، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ سەركىسى دېيىلىدۇ.

كۇفىي نۇسخىسى شەكىل جەھەتتىن جانلىق، قىر ـ بۇلۇڭلىرى ئېنىق، سىزىقلىرى قېلىن،

ساددا، جۇشقۇن، مەردانە ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، يازغاندا قەلەمنىڭ كۈچلۈكرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە تاش ئابىدىلەرگە، پۇل نەقىشلىرىنى ئويۇشقا، شۇنداقلا قۇرۇلۇش بېزەكلىرىگە ئىشلىتىلگەن. ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» نى كۇفىي نۇسخىسىدا كۆچۈرۈش قاتتىق بەلگىلەنگەن ئىدى. تەخمىنەن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇفىي نۇسخىسى ئادەتتىكى خەتتىن تەدرىجىي ھالدا بېزەك نۇسخا سۈپىتىدە دۇنياغا كەڭ تارقالدى. مەسىلەن، مەسچىتلەردىكى ئىشىك ـ دەرىزە، تام، قۇببە، مېھراب قاتارلىقلاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلاردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

### 5. مەغرىبىي خەت نۇسخىلىرى:

ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە تەۋە بولغان، مىسىرنىڭ غەربىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەللەر ۋە ئىسپانىيە شۇ دەۋردە «مەغرىب» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات تارىخىدا مەغرىب بىلەن مەشرىق (مىسىردىن تارتىپ شەرقتىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەللىرى)نىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆپ پەرقلەر ساقلىنىپ كەلدى.

تۇنىس (قەيرۇۋان) دا ئىشلىتىلگەن كۇفىي نۇسخىسىنىڭ تەرەققىياتىدا، بۇ تەدرىجىي ئۆلچەملىك كۇفىي ۋە شەرق كۇفىسىدىن ئالاھىدىلىك جەھەتتە يىراقلىششقا باشلىدى. مەغرىب كۇفىي نۇسخىسىدا ھەرپلەرنىڭ سەرمە ۋە تاقىلىرى يۇمۇلاقراق يېزىلىدىغان، تىك بۆلۈكلۈق سىزىقلار چىرماش نۇسخىلارغا ئوخشاپراق تارتىلىدىغان، تاقا، ھالقا، تۈگۈن....قاتارلىق بۆلەكلەر يېرىم چەمبەر شەكلىدە يېزىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەغرىب كۇفىيسى كۇفىي نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساسەن يوقاتتى ۋە مەغرىبىي نامى بىلەن ئاتالدى. مەغرىبىي نۇسخىسى قەيرۇۋاندا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تېزلا غەربىي، شىمالىي ئافرىقا ئەللىرى ۋە ئىسپانىيىگە تارقالدى. ئىبنى مۇقلەھنىڭ مەنسۇب سېستىمىسىدىكى قائىدىلەر مەغرىبىي نۇسخىسغا تەدبىقلانمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىۋاستە رەۋىشتە مەغرىب كۇفىي نۇسخىسىدىن تەرەققىي قىلىپ چىقتى. مەغرىب نۇسخىسى قوللىنىش جەريانىدا، ھەر قايسى جايلاردىكى خەتتاتلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن مەغرىبىي خەت نۇسخىسىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتى

بارلىققا كەلدى. ئۇلار قەيرۇۋانىي، ئەندەلۇسىي، فاسىي ۋە سۇدانىي نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت

قەيرۇۋانىي نۇسخىسى مەغرىبىي نۇسخىسىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرپلەر ئوتتۇرىچە چوڭلۇقتا، تىك سىزىقلىرى قىسقىراق، تولا ئىنچىكىلەپ يېزىلىدىغان بىر نۇسخا بولۇپ، ئۇ نەسخ نۇسخىسىغا مەلۇم جەھەتلەردە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەندەلۇسىي نۇسخىسى ئوقۇشقا ئوڭايراق بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرپلەر كىچىكرەك، خەتلەر زىچ يېزىلىدۇ. ئۇ باشقا ھەمراھ نۇسخىلارغا قارىغاندا نازۇكراق يېزىلىدۇ. ئۇ نۇسخا كوردوۋا (ئەرەبچە قۇرتۇبە) دا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنە قۇرتۇبىي نۇسخىسى دەپمۇ ئاتالغان، ھەمدە ئەندەلۇسىيە (ئىسپانىيەنىڭ ئىسلاملاشقان بۆلەكلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاتىلىشى) دە ئۇزاق قوللىنىلغان.

فاسىي نۇسخىسىدا ھەرپلەر ئەندەلۇسىي نۇسخىسىغا قارىغاندا چوڭراق، سۆزلەر شالاڭراق يېزىلىدۇ. ئۇ ئەندەلۇسىي نۇسخىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، مەغرىبىي نۇسخىسى ئادەتتە يۇقىرىقى ئىككى خەت نۇسخىسىنى كۆرسىتىدىغان نامدۇر.

سۇدانىي نۇسخىسى غەربىي ئافرىقا ۋە سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر قوللانغان ۋە مەغرىب كۇفىي (مەغرىبىي) نۇسخىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرغان نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرپلەر توم، سۆزلەر زىچ يېزىلغان،كۆرۈنۈشتە قوپال ۋە ئېغىر كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدا بىرەر نۇسخا بويىچە بىرەر قائىدە ـ قانۇنىيەتنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى، بىرەر قائىدىنىڭ تەدبىق قىلغانلىقى نامەلۇم بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىكى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشى خېلىلا تەكشىسىز ۋە قائىدىسىزدۇر. بۇ نۇسخا ھازىرغىچە سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان ئەللەردە قوللىنىلىپ، مەغرىبىي نۇسخىسىدىن ئايرىم نۇسخا سۈپىتىدە مەۋجۇد بولماقتا.

دېمەك، مەغرىبىي نۇسخىسى ئەندەلۇسىي ۋە فاسىي نۇسخىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن نۇسخىنىڭ نامى بولۇپ، ھازىرغىچە ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس ۋە لىۋىيە قاتارلىق ئەللەردە مەغرىبىي نۇسخىسى ئاساسلىق ھۆسنىخەت نۇسخىسى سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا ۋە ئىشلىتىلمەكتە.

### 6. نەسخ نۇسخىسى:

نەسخ ئەرەبچە «نسخ» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، كۆچۈرۈپ يېزىش، قولدا كۆچۈرۈش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. " خەتتۇ ننەسخ " كۆچۈرۈپ يازغان، قولدا كۆچۈرگەن نۇسخا دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نۇسخا ئېنىق، گۈزەل، خېتى كىچىك لېكىن جانلىق، يېزىشقا قولايلىق نۇسخا بولۇپ، بۇرۇنقىلار يەنە كىچىك باسما خەت دەپمۇ ئاتىغان. نەسخ خەت نۇسخىسى كۇفىي خەت نۇسخىسى بىلەن ئوخشاشلا ھازىرقى زامان ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھېجاز رايونىدا كېلىپ چىققان، تارىختا ھېجاز نۇسخىسىمۇ دېيىلگەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تۇنجى خەلىپە ئەبۇبەكرى دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا كاتىب بولغان زەيد ئىبنى سابىت «قۇرئان كەرىم» نى نەسخ نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ نۇسخا تېخى كەڭرى قوللىنىلمىغان ئىدى. ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سىياسىي-مەدەنىيەت مەركىزى مەدىنەدىن سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھرىگە يۆتكىلىدۇ. نەسخ نۇسخىسى سۈرىيىنىڭ شىمالىي رايونىدا تەرەققىي قىلىپ قېلىپلاشقان ۋە ئەڭ گۈزەل، ئوڭاي ئوقۇغىلى بولىدىغان نۇسخا دەپ قارالغان. كېيىن ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەشھۇر خەتتاتلاردىن ئىبنى مۇقلەھ، ئىبنى ئەلبەۋۋاب ۋە ياقۇت مۇستەئسىمىيلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تېز تەرەققىي قىلغان. كىشىلەر سېلېشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇ نۇسخىنى «قۇرئان كەرىم» ، «ھەدىس شەرىف» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا قەدىمىي كىتابلىرىنى كۇفى نۇسخىسىدا كۆچۈرۈشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. شۇنىڭ بىلەن نەسخ نۇسخىسىغا سۇلۇس نۇسخىسى بىلەن ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىلدى. مىلادىيە 1097-يىلى نەسخ نۇسخىسى قويىما پۇل قۇيۇشتا ئىشلىتىلدى.

مىلادىيە 12-ئەسىرنىڭ بېشىدا يەنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە نەسخ نۇسخىسى كۇفىي نۇسخىسى بىلەن ئوخشاشلا ئوردا يېزىقى قىلىپ بېكىتىلدى. ھازىر نەسخ نۇسخىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەرەب يېزىقىنى خاتىرىلەيدىغان ئاساسلىق نۇسخىلاردىن بولۇپ

قالدى ھەممە پۈتۈن ئەرەب- ئىسلام ئەللىرىگە كەڭ تارقالدى. ھازىرقى زامان ئەرەبچە مەتبە سىستېمىسىدا ھەرپلەر نەسخ نۇسخىسىدا قويۇلۇپ، باسمىچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. نەسخ نۇسخىسى 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارالسىمۇ، ئەمما بۇ نۇسخىنىڭ بىر قەدەر سېستىمىلاشقان شەكلى كېيىنكىرەك دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان. دەسلەپكى نەسخ نۇسخىسى ئۇنچىكە قائىدىلەردىن خالىي بولۇپ، پەقەت ئىبنى مۇقلەھ زامانىدىلا ئۇ كىشى مۇكەممەل، نىسبەتلىرى ئېنىق نەسخ نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرىنى بەلگىلەپ چىققان. كېيىن ئىبنى ئەلبەۋۋاب بۇ نۇسخىغا ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى «قۇرئان»نى كۆچۈرۈشكە ئەرزىيدىغان نۇسخىغا ئايلاندۇرغان. ئەڭ دەسلەپكى نەسخ نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» 1036-يىلى بارلىققا كەلگەن. تېخىمۇ چىرايلىق يېزىلغان نەسخ نۇسخىسىدىكى «قۇرئان» 12-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە نەسخ نۇسخىسى «قۇرئان»نى كۆچۈرۈپ يازىدىغان نۇسخا سۈپىتىدە قارىلىپ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ھەممە خەت گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزۈلگەن. ھازىرغىچە كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» لار ئىچىدە نەسخ نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىرى ئەڭ كۆپتۇر. نەسخ چىرماش نۇسخىلار ئىچىدە يېزىشقا ۋە ئوقۇشقا قولايراق نۇسخا بولغاچقا، ئۇ ئاۋام (بولۇپمۇ خەتتاتلاردىن باشقا كىشىلەر) نىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغان. ئافغانىستاندا ۋە ھىندىستاننىڭ قىسمەن جايلىرىدا نەسخ نۇسخىسى «ھىندىي نەسخىسى» نامىدا داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئەرەبلەردىكى نەسخ نۇسخىسىدىن قىسمەن جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

نەسخ نۇسخىسىنىڭ ئۈستىخىنى جانلىق، تەرتىپلىك، شەكلى قېلىپلاشقان، يېزىلىشى تەبىئىي بولۇپ، ئەرەب يېزىقىنىڭ كلاسسىك خەت نۇسخىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. نەسخ نۇسخىسىدا ھەرپلەرنىڭ يانتۇ سىزىقلىرى قىسقىراق يېزىلىدۇ، ئوتتۇرا سىزىقنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا ئوخشاش چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلىنىدۇ، ئەگمىلەر تولۇق ۋە چوڭقۇر بولىدۇ، ئۈستىگە تارتىلىدىغان سىزىقلار تىك ۋە تۈز بولىدۇ، سۆزلەر ئىگىلەيدىغان بوشلۇق بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ.

### 7. سۇلۇس نۇسخىسى:

سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ نامى ئەرەبچە «سۇلۇس» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مانە

ئېتىبارى بىلەن بۇ سۆز «ئۈچتىن بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «خەتتۇس سۇلۇس» بولسا ئۈچتىن بىر نۇسخا ياكى ئۈچ بۆلەكلىك نۇسخا دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولغان. سۇلۇس ـ شەكلى مۇقىم (يەنى ھەرپلەر ئۆزگەرتىلمەيدىغان) ھەمدە ئاساسەن زىننەتلەش مەقسىتىدە قوليازما، لەۋھە ۋە ئويمىلاردا ئىشلىتىلىپ كەلگەن نۇسخىدۇر. سۇلۇس نۇسخىسى 7ـ ئەسىرلەردە ئۇمەييە خەلىپىلىكى دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، 9ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تېز تەرەققىي قىلغان. دەسلەپتە سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ بېزەك ۋە زىننەت ئۈچۈن ئۆزگەرتىلگەن شەكلى ئىبنى ئەلباۋۋاپ ۋە ياقۇت مۇستەسىمي تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. «سۇلۇس» ئىبارىسىنىڭ مەزكۇر نۇسخىدا تۈز تارتىلىدىغان سىزىقلارنىڭ ئەگرى سىزىقلار بىلەن بولغان نىسبىتى سەۋەبىدىن، ياكى شۇ دەۋردە كەڭ ئىشلىتىلگەن تۇمار نۇسخىسىدىكى خەتلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك چوڭلۇقتا يېزىلىدىغان بولغانلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغانلىقى نامەلۇم. سۇلۇس نۇسخىسى ئاساسەن كىتاب ۋە باشقا يازمىلاردىكى مەۋزۇ قاتارلىقلارنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. پۈتۈنلەي سۇلۇس نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 7 توملۇق بىر «قۇرئان» پۈتۈنلەي سۇلۇس نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن بىردىنـبىر قوليازما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇلۇس نۇسخىسى ھازىرغىچە زىننەت خاراكتېرلىك نۇسخىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ھەقىقىي پەيدا بولۇشى ۋە قېلىپلىشىشى بەلكىم ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب خەتتاتلىقى نەزەرىيىسىنىڭ پېشۋاسى ئىبنى مۇقلەھ سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ كونكرېت قائىدىسىنى ئەڭ دەسلەپ تۈزۈپ چىققان ۋە ئۆلچەملىك يېزىش قېلىپىنى بېكىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب خەتتاتلىقى قول يازما نۇسخىلىرىنىڭ ئاساسلىق نۇسخىسىغا ئايلاندۇرغان. سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ خەت شەكلى كېلىشكەن، ھەرپلەرنىڭ تۈگۈشى كۆپ خىل، سىزىقلىرىنىڭ تومـ ئىنچىكىلىكى نەپىس، تۇرقى سۆلەتلىك ۋە ئېسىل، ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بەك ئېھتىياتچان، ھەرپلەر گىرەلەشتۈرۈلۈپ يېزىلىدىغان بولۇپ، يازغاندا مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىق مەۋجۇد. سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ئاددىي سۇلۇس ۋە جەللىي سۇلۇس دەپ ئىككى

ۋارىيانت نۇسخىسى بار.

سۇلۇس نۇسخىسى كۆپىنچە «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۈرە نامىلىرى، كىتاب ۋە گېزىت ـ ژورنال ماۋزۇلىرى، لەۋھەگە خەت ئويۇش، ئۆيلەرنى بېزەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ مەسچىتلەرنىڭ مېھراب، پېشايۋان، تاملىرى قاتارلىق ئىمارەتلەرنى بېزەشتە كۆپىنچە ئالدى بىلەن سۇلۇس نۇسخىسىدا يېزىلىپ بېزىلىدۇ.

### 8. مۇھەققەق نۇسخىسى:

«مۇھەققەق» ئەڭ دەسلەپتە كۇفىي نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرگە قارىغاندا، ھەرپلەرنىڭ بۇلۇڭلىرى ئازراق بولىدىغان (ھەرپلەر ئۇلىنىدىغان جايلار كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلەيدىغان) بىر نۇسخىغا بېرىلگەن نام بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئىنتايىن ئىنچىكىلەپ يېزىلغان» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇ دەۋرلەردە خەت قۇرۇلمىسىدىكى مەلۇم بۆلەكلەرنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن نازۇك يېزىپ چىقىش خەتتاتلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى. 750 ـ يىللاردا قەغەزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەققەق نۇسخىسى كەڭ قوللىنىلدى، ھەمدە قائىدە ـ پرىنسىپ جەھەتتە ئازراق چەكلىمىگە ئۇچرىدى. خەلىفە مەئمۇن (813 ـ 833) دەۋرىدە ئۇنىڭ سىزىقلىرى بارغانسېرى يۇمۇلاقراق (ئەگرىرەك) تارتىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى، ھەمدە كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغان نۇسخا (ۋەرەقۇن ـ كەسپىي نۇسخا) بولۇپ قالدى. ئىبنى مۇقلەھ ئۆزىنىڭ «مەنسۇب سېستىمىسى» بويىچە مۇھەققەق نۇسخىسىنى قېلىپقا سېلىپ، ھەرپلەر ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلىدىغان، (ئاساسى توغرا سىزىقچىنىڭ ئۈستىدىكى) تىك سىزىقلاردىن ئېگىزرەك، ئاستىغا تارتىلىدىغان بۆلەكلەر بەك قىسقا تارتىلىدىغان نۇسخا قىلىپ بېكىتتى. ئەلۋەتتە، مۇھەققەق نۇسخىسىنىڭ مۇكەممەل شەكلى ئىبنى ئەلبەۋۋاب (1022 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قەلىمىدە يارىتىلدى. ئۇ بۇ نۇسخىنى ئۈستىدە تىك تارتىلىدىغان سىزىقلار ئېگىزرەك يېزىلىدىغان، توغرا ئەگرى سىزىقلار دۈگىرەك تارتىلىدىغان ياكى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ يېزىلىدىغان نۇسخىنىڭ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇردى. مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇھەققەق نۇسخىسى چوڭ فورماتلىق «قۇرئان» كۆچۈرۈلىدىغان ئاساسلىق نۇسخا سۈپىتىدە

قارىلىپ، بولۇپمۇ 13-14-ئەسىرلەردىكى مەملۇك سۇلتانلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى مىسىردا، ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئىراق ۋە ئىراندا «قۇرئان» كۆچۈرۈلىدىغان ئاساسلىق نۇسخا بولۇپ ئىشلىتىلدى. بۇ نۇسخىنىڭ ۋارىيانتلىرى (ئوخشىمىغان خەتتاتلار قەلىمىدە يېزىلغان شەكىللىرى) ئىچىدە ئاستىغا تارتىلىدىغان ئەگمىلەرنى سولغا مايىل يازىدىغان، سۇلۇس ۋە نەسخ نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىرىمۇ بار.

### 9. رەيھانىي نۇسخىسى:

رەيھانىي نۇسخىسى دەسلەپتە 9- ئەسىردە پەيدا بولۇپ تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بەزىلەرنىڭ پىكرىچە رەيھانىي خەت نۇسخىسى نەسخ نۇسخىسىدىن تۈرلىنىپ چىققان. ئەمما ئۇنىڭدا نەسخ ۋە سۇلۇس ھەمدە مۇھەققەق نۇسخىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئەمما ئۇنىڭدا ھەرپلەر مۇھەققەق ۋە سۇلۇس نۇسخىسىغا قارىغاندا نازۇكراق يېزىلىدىغان بولۇپ، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى يازما مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىسمى خۇشپۇراق ۋە نازۇك ئۈسۈملۈك «گۈلى رەيھان» دىن ئېلىنىپ ئاتالغان. رەيھانىي نۇسخىسى نەسخ نۇسخىسىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇشىغا قارىماي، ئۇ مۇھەققەق نۇسخىسى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە. شۇڭا ئۇ مۇھەققەق نۇسخىسى بىلەن بىرلىكتە «قوشماق نۇسخىلار» دەپمۇ قارىلىدۇ. رەيھانىي نۇسخىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا ھەرپلەرنىڭ ئەگمىلىرى ۋە تاقىلىرى باشقا سۆزلەرنىڭ ھەرپلىرى بىلەن كىرىشتۈرۈلمەيدۇ، ئەگرى سىزىقلار تولۇق ۋە چوڭراق تارتىلىدۇ. سۇلۇس نۇسخىسىغا قارىغاندا ئەگمىلەر ئوچۇقراق تارتىلىدۇ. ئەرەب يېزىقىدىكى ھەرپ بەلگىلىرى ئىنچىكىرەك قەلەم ئۇچى بىلەن يېزىلىدۇ. رەيھانىي خەت نۇسخىسى خەتتاتلارنىڭ چوڭ فورماتلىق «قۇرئان» نى كۆچۈرۈشتە ياقتۇرۇپ ئىشلەتكەن نۇسخىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىلخانىيلار دەۋرىدىكى ئىراندا ۋە مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىسىردا كۆپ ئىشلىتىلگەن. بەزى يازما مەنبەلەر رەيھانىي نۇسخىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىنى ئىبنى ئەلبەۋۋابقا باغلايدۇ. چۈنكى ئۇ رەيھانىي نۇسخىسىنىڭ گۈزەللىكىنى يۈكسەلدۈرۈلگەن. ئەمما توغرىسى شۇكى، بۇ نۇسخىنى ئەلى ئىبنى ئۇبەيدە ئەل رەيھانىي (834 - يىلى ۋاپات بولغان) ئىختىرا قىلغان بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ نامى مۇشۇ كىشىنىڭ تەخەللۇسىدىن كەلگەندۇر. رەيھانىي نۇسخىسى

بىلەن ئەڭ چىرايلىق  يېزىلغان ئەسەر ـــ ياقۇت مۇستەئسىمىي قولىدا كۆچۈرۈلگەن چوڭ فورماتلىق «قۇرئان» دۇر.

### 10. تەۋقىي نۇسخىسى:

تەۋقىي (ئىمزا) يەنە «تەۋاقىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نۇسخا 9-ئەسىردە خەلىپە مەئمۇن زامانىدا ئىختىرا قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاباسىيلار خەلىپىلىكى ئۆز ئىمزالىرىنى يېزىشتا ئىشلەتكەن «رىياسىي» نۇسخىسىدىن تۈرلىنىپ قىققانلىقى قىياسىي قىلىنىدۇ. بۇ نۇسخا سۇلۇس نۇسخىسىغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ھەرپلەر يۇمۇلاقراق (ئەگرىرەك) يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەگمىلەر ئانچە يۇمۇلاق بولمايدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر ۋە مەزمۇت تۇس بەخش ئەتكەن. تەۋقىي نۇسخىسى 11-ئەسىردىن كېيىنلا تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇسخا سۈپىتىدە تىكلىنىشى ئىبنى ئەلخەزىن دەپ نام ئالغان ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ كىشى ئىبنى ئەلبەۋۋابنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىدۇر. 15- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈركىيەدە تەۋقىي نۇسخىسىنىڭ ئېغىر (تومراق ۋە زىچراق) يېزىلىدىغان بىر ۋارىيانتى مەيدانغا كەلگەن. ئەمما كېيىنچە بۇ نۇسخا ئەرەب ۋە فارىسلار ئارىسىدا كەڭ قوللىنىشقا سازاۋەر بولمىغان. ئوسمان تۈركلىرى ئارىسىدا يېزىلىدىغان تەۋقىي نۇسخىسىدا ھەرپلەر بىر-بىرىگە ئىمكانقەدەر ئۇلاپ يېزىلغان.

### 11. رۇقئە نۇسخىسى:

«رۇقئە» ئەرەبچە «ياماق» ياكى "«قەغەز پارچىسى»، «رەخت پارچىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ نۇسخا شۇلارنىڭ شەكلىگە ئوخشىغانلىقتىن بۇ ئىسىم قويۇلغان. بۇ نۇسخا خاتىرىلىۋېلىشقا (ئىتتىكرەك يېزىشقا) قولايلىق ، ئىخچام كەڭ- كۇشادە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ يېزىش ماھارىتىنى ئۇڭاي ئىگىلىشىگە قولايلىق شارائىت ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېز تارقىلىپ ۋە كەڭ ئومۇملىشىپ، كەڭ قوللىنىلىدىغان، ئەڭ ئاممىباب بىر خىل قول يازما نۇسخىسى بولۇپ قالدى. خۇددى يۇقىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رۇقئە نۇخسىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىبىن ئەلباۋۋابنىڭ شاگىرتى، مەشھۇر خەتتات ئەھمەد ئىبىن مۇھەممەد

(يەنى ئىبنى ئەلخەزىن) بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەزكۇر زات بۇ نۇسخىنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن ئۇنى كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاممىباب ھۆسنىخەت نۇسخىسىغا ئايلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقان. رۇقئە نۇسخىسى دەسلەپتە تۈركلەر ئارىسىدا ياقتۇرۇشقا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، ئەرەبلەر ئارىسىدا دىگەندەك كەڭ قوللىنىلمىغان. بۇ نۇسخا بىۋاستە نەسخ ۋە سۇلۇس نۇسخىلىرىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەرپلەرنىڭ گېئومېتىرىك قۇرۇلمىسى بەزى جەھەتلەردە نەسخ ۋە سۇلۇسنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ھەرپلەر كىچىكرەك يېزىلغان، ئەگمىلەر بەكرەك يۇمۇلاق تارتىلغان، باشقا ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا دەسلەپتە ھەرپلەرنىڭ تاقلىرى باشقا سۆزلەرنىڭ ھەرپلىرى ئارقىلىق تولدۇرۇلغان. يانتۇ تارتىلىدىغان سىزىقلار خېلىلا قىسقا تارتىلغان، خەتنىڭ قۇرۇلمىسى زىچراق ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىر سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى (مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا) كېيىنكى سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە ئۇلانغان. بۇ نۇسخا دەسلەپتە ئاساسلىق ئادەتتىكى خەت-چەكلەرنى ۋە دىنىي مەزمۇندا بولمىغان كىتابلارنى كۆچۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن. ھەمدە يېزىلىدىغان قەغەزلەرمۇ كىچىك ياكى ئوتتۇرىچە بولغان. رۇقئە خەت نۇسخىسى ئوسمانىيلار خەتتاتلىرى ياقتۇرۇپ ئىشلەتكەن نۇسخىلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ نۇسخا مەشھۇر تۈرك خەتتاتى شەيخ ھەمدۇللا ئەماسىي (1520 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قەلىمى ئاستىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مىلادىيە 1863- يىلى تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلمەجىدنىڭ خەتتاتلىق مۇئەللىمى مۇمتاز بەكرى (1810- 1867) رۇقئە نۇسخىسىنىڭ قېلىپلاشقان يېزىش قائىدىسىنى تۇرغۇزدى. شۇندىن كېيىن مەشھۇر خەتتات، ئوسمان ئىمپېرىيىسى خان جەمەتى مەكتىپىنىڭ خەتتاتلىق مۇئەللىمى مۇھەممەد ئىززەت (1841- 1902) يەنە رۇقئە نۇسخىسى ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىش قائىدىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى رەتلەپ كىتاب تۈزۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەرەب ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە ھازىرغىچە ئىزچىل قوللىنىلىۋاتىدۇ. كېيىنكى خەتتاتلارمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىدىن بويلاپ مېڭىپ، بۇ نۇسخىنى تەدرىجىي ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرىدىغان شەكىلگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ نۇسخا ھازىر ئەرەب دۇنياسىدا قولىيازما ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان نۇسخا بولۇپ

ھېدابلىنىدۇ. ئەمما ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان رۇقئە نۇسخىسى كلاسسىك رۇقئە نۇسخىسىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ھازىرقى رۇقئە نۇسخىسى مۇستەقىل بىر ھۆسنخەت نۇسخىسى سۈپىتىدە، ئۇنىڭدا نەسخ ۋە سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تېپىلمايدۇ.

### 12. تەئلىق ۋە نەستەئلىق نۇسخىلىرى:

«تەئلىق» ئەرەبچە «ئېسىپ قويماق، ئېسىلىپ تۇرماق» دېگەندەك مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ تەئلىق نۇسخىسىنىڭ نامى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بۇ نۇسخىنىڭ سىزىقلىرى راۋان، تەبىئىي نەپىس، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەرپلىرىدىن " نۇن " (ن) ۋە باشقا سوزۇلىدىغان، ئېگىلىدىغان بىر قىسىم ھەرپلەر ئەركىن، جانلىق يېزىلىدىغان بولۇپ، خۇددى پانۇس گۈلگە ئوخشاش مەپتۇنكارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. تەئلىق نۇسخىسى يەنە پارسىي نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئاتىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەب بار:

قەدىمقى پارسلار پەھلەۋى تىلىنى قوللىناتتى. ئىسلام دىنى ئىرانغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، كۇفىي نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان ئەرەب خەتتاتلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ رايونغا تارقالدى. شۇندىن كېيىن ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلىش پارسلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنغا ئايلاندى، ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشمۇ جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب خەتتاتلىقى ناھايىتى تېزلىكتە پارسلارنىڭ ئوردا ۋە ئەل ئارىسىدا ئومۇملاشتى. كېيىن، ئەرەب يېزىقىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى تەئلىق نۇسخىسىدىكى خەتتاتلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىرانلىقلار يازغان ئەرەبچە ھۆسنخەتلەرنىڭ، جۈملىدىن كۇفىي نۇسخىسىنىڭ ئۇسلۇبىدىمۇ يېڭىلىق ياراتتى. مىلادىيە 10ـ ئەسىر (ھىجرىيە 4ـ ئەسىر) ئەتراپىدا، پارىس خەتتاتلىرى نەسخ نۇسخىسى ئاساسىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ياي شەكىللىك سىزىقلارنى سوزۇپ، ئېگىلىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاخىرى بىر يېڭى نۇسخا ـ تەئلىق نۇسخىسى يەنى پارسىي نۇسخىسىنى شەكىللەندۈردى. مىلادىيە 12ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا پارسلار، ئافغانلار، ھىندىلار بۇ نۇسخىنى قوللىنىشقا باشلىدى. مىلادىيە 15ـ ئەسىردە پارىستىكى مەشھۇر

خەتتات مىرئەلى تەبرىزىي ئاخىرى پارسىي نۇسخىسىنىڭ يېزىلىش قائىدىسىنى بېكىتتى. پارسىي نۇسخىسمۇ ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى رەسمىي نۇسخا تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەمدە ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى ئاساسلىق خەتتاتلىق نۇسخىسىغا ئايلاندى.

تەئلىق (پارسىي) خەت نۇسخىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئەرەب يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەسىرى جەھەتتە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭمۇ نەتىجىسىدۇر. بۇ جەرياندىن ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ شۇنچىلىك كەڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھەر بىر جايغا تارقالغاندا شۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتى، قىممەت قارىشى بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشەلىدى ھەم يېڭى بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرەلىدى. پارسىي خەت نۇسخىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىر دەلىلىدۇر. باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر مەسىلەن، تۈركىيە، پاكىستان، جۇڭگو ۋە شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار بار.

16 ~ 15 ـ ئەسىرلەردە سەفەۋىد سۇلالىسىنىڭ شاھى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى شاھ تاھماسپ (1524ـ1576) دەۋرىدە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام خەتتاتلىقىنىڭ مۇھىم ھەمدە ئىنتايىن گۈللەنگەن بىر مەنزىرىسى مەيدانغا كەلدى. مەزكۇر شاھلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تەئلىق نۇسخىسى شەكىللەندۈرۈلدى، ھەمدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاساسىي نۇسخىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلدى. كېيىنچىرەك، بۇ نۇسخىنى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئاساسىدا نەستەئلىق نۇسخىسى بارلىققا كەلدى. پارسلار، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا مەزكۇر ئىككى ياش نۇسخا تېز تەرەققىي قىلىپ، ئاساسىي نۇسخىلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. «تەئلىق» («ئېسىلغان»، «مۇئەللەق» مەنىسىدە) نۇسخىسى ــ بەزى ئەرەب مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ــ ئەرەبلەردىكى ئانچە نامى چىقمىغان (9ـئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان چىرماش نۇسخا) فىرامۇز ئىسمىلىك نۇسخا ئاساسىدا پارسلار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئەمما بۇ ھەقتىكى ئومۇمىي قاراش شۇكى، 9ـئەسىردە

رىياسىي نۇسخىسى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا، تەئلىق نۇسخىسى خاس نۇسخا سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەۋقىي نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ تەسىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن. فارىسلارمۇ تەئلىق نۇسخىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى رۇقئە ۋە تەۋقىي نۇسخىلىرىغا باغلايدۇ، ھەمدە بۇ نۇسخىنى نامى ئانچە مەشھۇر بولمىغان تاجى سالمانىي ئىسىملىك خەتتات ئىجاد قىلغان دەپ قارايدۇ. ئاسترابادلىق خەتتات ئەبدۇلھەي تەئلىق نۇسخىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان، ھەمدە شاھ ئىسمائىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەئلىق نۇسخىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىققان. گەرچە تەئلىق ئەرەبلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە كۆپ قوللىنىلمىسىمۇ، ئەمما فارىسلار، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەئلىق ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن نۇسخا بولۇپ قالدى. پارىسلار ئۇزاق ئۆتمەيلا تەئلىق نۇسخىسى ئاساسىدا تېخىمۇ يەڭگىل يېزىلىدىغان بىر ۋارىيانت نۇسخا ـــ نەستەئلىقنى روياپقا چىقاردى. ئەمما مۇھىم ۋە رەسمى ھۆججەت ۋە ئەسەرلەرنى يېزىشتا، ئۇلار يەنىلا تەئلىق نۇسخىسىنى قوللاندى. تۈرك خەتتاتلىرى بولسا تەئلىق نۇسخىسىنىڭ ئەسلى ۋە ئەنئەنىۋى قائىدىسىگە سادىق بولۇپ، نەستەئلىق نۇسخىسىنى ئاساسەن قوللانمىدى ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى داۋاملىق تۈردە«تەئلىق» دەپ ئىشلىتىۋەردى.

نەستەئلىق (تەئلىق ۋە نەسخ نۇسخىلىرىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈپ ئاتىلىشى) نۇسخىسى ھازىرغىچە تەئلىق نۇسخىسىنىڭ بىر ۋارىيانتى دەپ قارىلىدۇ. بۇ نۇسخا 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فارىس خەتتاتى مىرئەلى سۇلتان تەبرىزى (1416 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. شاھ تاھماسىپ دەۋرىدە نەستەئلىق (ياكى بىز ئاتاپ كۆنگەن تەئلىق) نۇسخىسى نەسخ نۇسخىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، فارىس ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزمىي دىۋانلىرىنى، داستانلىرىنى ۋە باشقا خىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈشكە كەڭ قوللىنىلدى.

تەئلىق ۋە نەستەئلىق نۇسخىلىرى «قۇرئان» نى كۆچۈرۈشكە كۆپ ئىشلىتىلمىدى. ھازىرغىچە تەئلىق نۇسخىسىدا تولۇق كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان»دىن پەقەت بىر نۇسخىلا بار بولۇپ، ئۇنى شاھ مەھمۇد نىشاپۇرىي 1539-يىلى كۆچۈرۈپ تاماملاپ، شاھ تاھماسىپقا ھەدىيە قىلغان. بۇ كىتابتىكى

تەئلىق نۇسخىسى ھازىرغىچە تەئلىق نۇسخىسنى يېتەلەيدىغان نازۇكلۇق، گۈزەللىك ۋە روشەنلىكتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارىلىدۇ.

مىرئەلى تەبرىزىيدىن كېيىن پارسلاردىن تەئلىق نۇسخىسى بويىچە ۋايىغا يەتكەن خەتتاتلاردىن سۇلتان ئەلى مەشھەدىي، ئابدۇراخمان خارازىمىي، ئابدۇرەھىم ئانىسىي، ئابدۇلكەرىم پادىشاھ، قاسىم شادىي، شاھ كەبىر ئىبنى ئۇۋەيس ئەردەۋىلىي، كامالىدىن ھىراتىي، غىياسىدىن ئىسفاھانىي.... قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار قولىدىن 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردىكى ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىلىرى روياپقا چىققان. تەئلىق نۇسخىسى يەنە موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلدى. بۇ دەۋردە كۆپ ئەسەر كۆچۈرگەن ۋە كۆپ لەۋھە يازغان مەشھۇر خەتتات تۈركىي نەسللىك ئىمادۇددىن ھۇسنادۇر. ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى تەئلىق نۇسخىسىدا ئېسىل ئەسەر ياراتقان خەتتاتلار ھەمدۇللا ئەماسىي، ئەھمەد قاراھىسارىي ۋە ھاپىز ئوسمانلاردۇر. ھىندىستان ۋە پاكىستان مۇسۇلمانلىرى نەستەئلىق نۇسخىسنى مىللىي نۇسخا سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ھەمدە ئۇنى ئوردو تىلىنى خاتىرىلەشتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتتى.

تەئلىق نۇسخىسى نەستەئلىق نۇسخىلىرى بىلەن بەلگىلىك ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا «ش» نىڭ كىرتىكلىرى يېزىلمايدۇ، ھەرپلەر ئۇلىنىدىغان جايلار نازۇك ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. يانتۇ تارتىلىدىغان سىزىقلار ئەينى بىر قەلەمنى ئىشلەتكەن ئەھۋالدا ئىنچىكىلىكتىن تەدرىجىي تومىلىشىدۇ.

### 13. غۇبار نۇسخىسى:

غۇبار نۇسخىسىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «غۇبارۇل ھەلبەھ» بولۇپ، بۇ نۇسخىنى ئەلئەھۋال ئىسمىلىك بىر خەتتات ئىجاد قىلغان. بۇ نۇسخا روشەن ھالدا رىياسىي نۇسخىسىدىن 9 ـ ئەسىردە تۈرلىنىپ چىققاندۇر. «غۇبار» ئۇيغۇرچە «چاڭ ـ توزان» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىكى خەتلەرنىڭ ئىنتايىن كىچىك يېزىلىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىنىپ قويۇلغان ئىسىمدۇر. بۇ نۇسخا سۇلۇس بىلەن نەسخى نۇسخىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى خەتلەرنىڭ ئىنتايىن كىچىك يېزىلىدىغانلىقىدۇر. بۇ دەسلەپتە كەپتەر ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان، كىچىك ۋاراقچىگە يېزىلىدىغان خەتلەرنى يېزىشتا قوللىنىلغان، ھەتتاكى

كىچىك فورماتلىق «قۇرئان» مۇ مۇشۇ نۇسخىدا يېزىلغان. ھەرخىل گېئومېترىك دائىرىگە ( تۆت تەرەپلىك، بەش تەرەپلىك ۋە ئالتە تەرەپلىك شەكىللەر ئىچىگە) ئېلىنىپ، مىنىياتۇرا بېزەكلىرى بىلەن بېزىلىپ، غۇبار نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن كىچىك ھەجىملىك «قۇرئان» لاردىن بىر نەچچە نۇسخا زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن: ئۆمەر ئاقتا ئىسىملىك خەتتات ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن غۇبار نۇسخىسىدا «قۇرئان» دىن بىر نۇسخا كۆچۈرگەن، بۇ «قۇرئان» نىڭ چوڭلىقى مۆھۈر ئۈزۈكچىلىك بولغاچقا، ئەمىر تۆمۈر ئۇنى بەك كىچىك كۆرۈپ قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭدىن رەنجىگەن ئۆمەر ئاقتا تۇمار نۇسخىسى بىلەن ھەربىر ۋارىقىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىرچە كېلىدىغان چوڭ فورماتلىق «قۇرئان»نى كۆچۈرۈپ، ئۇنى ئەمىر تۆمۈرگە ھەدىيە قىلىپ، كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

غۇبار نۇسخىسى ئاساسىدا خەتلەرنى كىچىكلىتىپ يېزىش سەنئىتى يېقىنقى زاماندا كەڭ تارقالغان بىر ئىشقا ئايلاندى. ھازىرقى زامان خەتتاتلىرى غۇبار نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنى تېخىمۇ كىچىكلىتىپ، خەتلەرنى بىر تال گۈرۈچ چوڭلۇقىدىكى نەرسىلەر ئۈستىگە يازىدىغان ماھارەتنى بارلىققا كەلتۈردى. 77934 سۆزدىن تەشكىل تاپقان پۈتۈن «قۇرئان» بىر تۇخۇمنىڭ ئۈستىگە ھەممە 55 × 45 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ۋاراق قەغەزگە كۆچۈرۈلدى. تۇمار ئورنىدا مۇسۇلمانلار ئېسىۋالىدىغان باشبارماق چوڭلۇقىدىكى «قۇرئان» مۇ ھازىرقى زاماندا بارلىققا كەلدى. بۇ ساھەدىكى مەشھۇر خەتتاتلار ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇللا (لەقىمى ئىبنى ئەل زىمەكجەلىي، 1386 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە قاسىم غۇبارىي (1624 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، 20 ـ ئەسىردىكى مىسىرلىق خەتتات ھەسەن ئەبدۇل جەۋۋاد (بۇ كىشى «قۇرئان» نىڭ ئۈچ پارىسىنى بىر تال بۇغداي ئۈستىگە كۆچۈرگەن)، لىۋانلىق ناسىب مەكارىم (بۇ كىشى 287 سۆزدىن تەشكىل تاپقان لىۋاننىڭ دۆلەت شېئىرىنى بىر تال گۈرۈچ ئۈستىگە كۆچۈرگەن)، ئافغانىستانلىق داۋۇد ئەلھۇسەينى (555 سۆزلۈك بىر يازمىنى 6.45 كۋادرات سانتىمېتىردىن سەل چوڭراق بىر قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن) لەر بار.

تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى خەتتاتلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى يەنە بىر قىسىم نۇسخىلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭدا بەھىرلىنىش مەقسىدىدە بارلىققا كەلگەن

بىزەك خارەكتېرلىك ھۆسنخەت نۇسخىلىرى ئالاھىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ساھەدە بارلىققا كەلگەن بىزەك خاراكتېرلىك ھۆسنخەت نۇسخىلىرى ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ ساھەدە بارلىققا كەلگەن نۇسخىلاردىن شىكەستە، شىكەستە ئامىز، دىۋانىي ۋە جەللىي دىۋانىيلار بار.

### 14. شىكەستە ۋە شىكەستە ئامىز نۇسخىلىرى:

شىكەستە («سۇنغان» مەنىسىدە) خەت نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ قوشمىقى بولغان بىزەكلىك نۇسخا — شىكەستە ئامىز تەئلىق ۋە نەستەئلىق نۇسخىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، پارسلار تەرەققىي قىلدۇرغان نۇسخىلاردۇر. شىكەستە نۇسخىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەتتە ھىراتلىق شافىيگە باغلىنىدۇ. بۇ نۇسخا بويىچە يۈكسەك پەللە ياراتقان كىشى بولسا دەرۋىش ئابدۇلمەجىد تالىقانىيدۇر. شىكەستە خەت نۇسخىسى تەئلىق خەت نۇسخىسىغا نۇرغۇن تەرەپلەردە يېقىن كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا سۆزلەر زىچراق يېزىلىدۇ، ھەرپلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلىنىدىغان جايلىرى بەكلا يېقىن بولىدۇ، تىك تارتىلىدىغان سىزىقلار قىسقىراق ۋە سولغا مايىلراق تارتىلىدۇ. بۇ نۇسخا خۇسۇسىي خەت-چەكلەر ۋە ئىلىم-ئېرىم ھۆججەتلىرىنى يېزىشتا، ھەمدە ئوردوچە ۋە فارىسچە ئادەتتىكى يازمىلاردا كۆپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. شىكەشتە ئامىز نۇسخىسىدا سۆزلەر چوڭراق ۋە شالاڭراق يېزىلىدۇ، ھەمدە كۆپىنچە رەڭلىك ۋە بىزەكلىك لەۋھەلەرنى يېزىشتا كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

### 15. دىۋانىي ۋە جەللى دىۋانىي نۇسخىلىرى:

دىۋانىي خەت نۇسخىسىدىكى «دىۋان» سۆزى ئەرەبچە «ئوردا، يامۇل يەنى مەمۇرىي ئورگان» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ نۇسخا ئەڭ دەسلەپ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ئوردىسىنىڭ مەخسۇس بىر خىل يېزىقى بولۇپ، ئوردا تەيىننامىسى (ۋەزىپىگە تەيىنلەش خېتى)، تارتۇقلاش پەرمانى، خان يارلىقى قاتارلىقلارنى يېزىش ۋە خەت-چەكلەرگە قول قويۇشقا ئىشلىتىلەتتى. دىۋان خەت نۇسخىسى خەت-چەك نۇسخىسى ياكى ئوردا نۇسخىسى دېگەن مەنىدە بولغاچقا شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

دىۋانىي بولسا ئوسمان تۈركلىرى ئىجاد قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرغان ھۆسنخەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىنى 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرك خەتتاتى ئىبراھىم مۇنىف تەئلىق نۇسخىسى

ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرغاندۇر. كېيىن بۇ نۇسخا مەشھۇر خەتتات ئاساسچىسى شەيخ ھەمدۇللا تەرىپىدىن يۈكسەلدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ نۇسخا ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەت خەت-چەكلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇسخىدا ھەرپلەر ئىنتايىن چىرماش يېزىلىدىغان بولۇپ، ھەرپلەر بىر-بىرىگە ئىمكانقەدەر ئۇلىنىدۇ. ئەرەب تىلى خاتىرىلىنىدىغان دىۋانىي نۇسخىسىدا ھەرىكە بەلگىلىرى يېزىلمايدۇ. دىۋانى خەت نۇسخىسىدىن بېزەكلىك ۋارىيانت جەللىي دىۋانىي نۇسخىسى تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇ يەنە «ھۇمايۇنىي نۇسخىسى» ۋە «ئىمپېراتور خەت نۇسخىسى» مۇ دېيىلىدۇ.

جەللىي دىۋانىي نۇسخىسىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرغان كىشى — خەتتات ھاپىز ئوسمان بولۇپ، «جەللىي» لىك خۇسۇسىيەتنى ھاپىز ئوسمان باشقا ھۆسنخەت شەكىللىرىگىمۇ تەدبىق قىلغان. «جەللىي» (بىلەن ئاتالغان ھۆسنخەت شەكىللىرى) نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى خەتلەرگە بېزەكلىك خۇسۇسىيەت بەخش ئېتىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە يېزىقنىڭ ئەسلى شەكلى ۋە ئوقۇلۇشى جەھەتتە ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر. جەللى دىۋانى نۇسخىسىدا بىر پۈتۈن خەتنىڭ شەكلى تىك تۆت تەرەپلىك ياكى باشقا شەكىللەر دائىرىسىدە تولۇق بېزەپ يېزىلىدۇ.

دىۋان نۇسخىسىدا ئۈچتە بىر نۇسخا، كۆچۈرمە نۇسخا، رەيھانى نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەنە يېزىلىشى زىچ، گىرەلىششچان، تۈرقى بېجىرىم، ئۆلچەم جەھەتتە قاتتىق ئېھتىيات قىلىشنى تەلەپ قىلىشتەك تەڭداشسىز ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. تارىخنىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئەسلىدە پەقەت ئوردىغىلا خاس خەت نۇسخىسى گەرچە يەنىلا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئوردا خەت- ئالاقە، بايانامىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا گېزىت - ژۇرناللاردىكى تەبرىكنامە، ئېلان، سەرلەۋھە، شۇنداقلا كىتاب نامى، شاھادەتنامە، تەبرىك كارتىسى قاتارلىقلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمەكتە.

### 16. تۇغرا نۇسخىسى:

تۇغرا ئوسمانىيلار سۇلتانلىرىنىڭ ئىمزاسى ۋە تامغىسى سۈپىتىدە مەشھۇر بولغان بىر خىل خەتتاتلىق ماھارىتى بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردىكى يېتىشكەن خەتتاتلار قەلىمىدە بارلىققا كەلگەن،

خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر شەكلىدۇر. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ هاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن سىمۋوللىرىدىن بىرى سۇلتانلارنىڭ تۇغرالىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تۇغرا هۆججەت ۋە پەرمانلارنى قانۇنلاشتۇرۇش مەقسىدىدە مۆهۈر، ئۈزۈك ۋە باشقا نەرسلەر ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن سۇلتانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىمزاسى بولۇپ، تۇغرا شەكلىدىكى مۆهۈرلەر بارلىك هۆكۈمەت هۆججەتلىرىگە، ۋەقفەنامىلەرگە ۋە سۇلتانىنىڭ خۇسۇسىي خەت ـ چەكلىرىگە بېسىلغان، شۇنداقلا مەلۇم سۇلتان هاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئۈزۈكى ۋە شۇ سۇلتانىنىڭ نامىدا قۇيۇلغان تەڭگە پۇللار ئۈستىگە ئويۇلغان. هەر بىر سۇلتان هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنلا دەرهال مۇقىم بىر تۇغرانى لايىهەلىتىپ، ئۇنى هاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەتكەن.

تۇغرا شەكلىدىكى خاس مۆهۈرنى دەسلەپتە سۇلتان ئورخان (مىلادىيە 1324 ـ يىلى) ئىشلەتكەن. ئەمما ئۇ دەۋردىكى تۇغرالار سەل ئاددىي بولۇپ، سۇلتان بايازىد I ، سۇلتان مۇراد II ۋە سۇلتان مەهمەتلەرنىڭ تۇغرالىرىنىڭ تەركىبلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى نەتىجىسىدە، سۇلتان سۇلايمان زامانىغا كەلگەندە تۇغرا مۇكەممەل هالەتكە يەتكەن. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىنىڭ خۇسۇسىي تۇغراسى بولمىغانلىقى هېسابقا ئالمىغاندا، ئىككىنچى خەلىپە ئورخاندىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى خەلىپە مەهمەت VI گىچە بولغان ئوتتۇز بەش سۇلتانىنىڭ خاس تۇغرالىرى بولغان. ئەڭ بۇرۇنقى مەشهۇر تۇغرا ئوسمانىيلار خەلىپىسى سۇلتان بەيازىد II(1481~1512 تەختتە) ۋە سۇلتان سۇلايمان (1520 ~ 1566) نىڭ تۇغرالىرىدۇر. تۇغرا نۇسخىسىدىكى خەت ياكى مۆهۈر ئوسمانىيە سۇلتانى مۇهەممەد ئەلفەتھە (857 / 1453) زامانىسىدىن تارتىپ هۆكۈمەت هۆججەتلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

تۇغرالارنى يالغۇز سۇلتانلار ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە شاهزادەلەرمۇ ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭمۇ ئوردىدا خاس نىشانچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار مەلۇم مەمۇرىي ئورۇنغا نائىل بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تۇغرالىرىنى ئەسلى شەكلى بويىچە داۋاملىق ئىشلەتكەن ئىدى. مەسىلەن، سۇلايمان سۇلتان بولۇشتىن ئىلگىرى مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا ئىشلەتكەن تۇغراسى 1510 ـ

يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئىشلەتكەن تۇغراسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۇغرالارنى يەنە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى شەيخۇلئىسلام، باش ۋەزىر ۋە باشقا ۋەزىرلەر ھەم چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلار ھۆججەت ھەم پەرمانلارنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ تۇغرالىرى بىلەن سۇلتان ۋە شاھزادەلەرنىڭ تۇغرالىرى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇغرالىرى ھۆججەت ۋە پەرمانلارنىڭ ئۈستۈنكى تەرەپ ئوتتۇرىغا ئۇرۇلماستىن، بەلكى يان تەرىپىگە ئۇرۇلاتتى، ھەممە كۆپىنچە تۇغرالىرىنىڭ بىرلا بەيزەسى بار بولار ئىدى.

توغرا قۇرۇلما جەھەتتىن تۆت بۆلەكتىن تەشكىل تاپىدۇ: بىرىنچى «كۇرس» ياكى «سەرە»، يەنى تۇغرا ئىگىسىنىڭ ئىسمى يېزىلىدىغان تەگلىك بۆلەك؛ ئىككىنچى «تۇغ» ۋە «زۇلفە»، يەنى ئۈستىگە تىك تارتىلغان ئۈچ سىزىق ۋە ئۇلارغا S شەكلىدە ئۇلانغان ئۈچ تال سىزىق. بۇنىڭدا تۇغلارنىڭ مەناسى بار بولسىمۇ، لېكىن زۇلفەلەرنىڭ مەناسى يوق بولۇپ، بۇلار پەقەت قۇرۇلما جەھەتتىن تۇغلارغا مۇۋازىنەت بېرىش ئۈچۈن سىزىلىدۇ. ئۈچىنچى بۆلەك «بەيزە» (يەنى تۇخۇم) بولۇپ، بۇ تۇغنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر مەركەزلىك ئىككى ئېللىپس شەكىللىك ئەگمەدۇر. بۇ ئۆز ئىچىدىن چوڭ بەيزە ۋە كىچىك بەيزەلەرگە بۆلۈنىدۇ. سىرتىدىكىسى چوڭ بەيزە، ئىچىدىكىسى كىچىك بەيزە ھېسابلىنىدۇ؛ تۆتىنچى «قول» ياكى «خەنجەر»، يەنى تۇغلارنىڭ سول تەرىپىگە، بەيزەلەرنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا قارىتىپ تارتىلغان ئۈچلۈق ئەگرى سىزىق. لېكىن بەزى ماتېرىياللاردا «قول» ياكى «خەنجەر» تۇغرانىڭ تەركىبىدە ئىككى بەيزەدىن داۋاملىشىپ تۇغلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈپ ئۇزۇن سوزۇلغان سىزىقلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.




سۇلتان مەھمۇد II نىڭ تۇغراسى بولۇپ، تولۇق تېكىستى «مەھمۇدخان بىن ئابدۇلھەمىد ئەلمۇزەففەر دائىما (ئەدلىي)» دۇر. تۇغرانى مۇستافا راقىم يازغان.

تۇغرا گەرچە يۇقىرىدىكى تۆت ئاساسىي بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملۇق ئېتىبارىدىن قارىغاندا، ئوسمانىيلارنىڭ تۇغرالىرىدا خەنجەر ياكى قول بۆلىكىنىڭ ئۇستىگە بوشلۇق تولدۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇغرا ئىگىسى بولغان سۇلتاننىڭ شەرەپ نامى يېزىلىدىغان بولغان. كۆرس ياكى سەرەنىڭ سول تەرىپىگە بولسا شۇ تۇغرانى يازغان ياكى لايىھەلىگەن خەتتاتنىڭ نامى يېزىلىدىغان بولغان. ئەمما ئوسمانىيلار سۇلتانلىرىنىڭ تۇغرالىرى ھاكىمىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇلارغا شۇ تۇغرالارنى يازغان خەتتاتلارنىڭ ناملىرى يېزىلمىغان.

18 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئوسمانىيلار تۇغرالىرى شەكىل جەھەتتە يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلتان مەھمۇد II نىڭ خەتتاتلىق بويىچە ئۇستازى مۇستاپا راقىم تۇغرانىڭ شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ ھازىرقى كۆپ تۇغرالارنىڭ شەكلىگە ئاساس سالدى. تۇغرا نوقۇل سۇلتانلارنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىدا ئىمزا ئورنىدا ئىشلىتىلىشتىن ھالقىپ، ئوسمانىيلار پۇللىرىنىڭ يۈزىگىمۇ بېسىلدى.

ھۆسنخەت نۇسخىسى ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، تۇغرا مۇستەقىل ھۆسنخەت نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ ھۆسنخەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل شەكىل ياكى فورمىدۇر. ئوسمانىيلارنىڭ تۇغرالىرىنىڭ ھەممىسى سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، شۇڭا ئۇنى جەللىي سۇلۇس نۇسخىسىغا تەۋە شەكىل دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھازىرقى دەۋردە تۇغرالارنىڭ مەزمۇنى

ئەڭ دەسلەپكى نوقۇل ئوسمانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ بەلگىسى بولۇشتەك دائىرىدىن ھالقىپ، 19 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ ئاستا ـ ئاستا «قۇرئان» ئايەتلىرى، ھەدىسلەر ۋە ئادەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ تۇغرا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قىسمەن شىرىكەت ناملىرىمۇ تۇغرا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ لايىھەلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بارلىققا كەلدى.

ھەرخىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ يېزىلىدىغان ھۆسنخەتلەرنى يېزىش تېخنىكىسى 15 ـ ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلدى. بۇنداق تېخنىكىدا خەتلەر ئاساسەن سۇلۇس، نەسخ ۋە تەئلىق ۋە نەستەئلىق نۇسخىلىرىدا يېزىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەتلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى قۇش، ئادەم، ئىمارەت، ھايۋان ..... قاتارلىقلارنىڭ سىياقىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردا «تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان. تۆۋەندىكى خەت نۇسخىلىرى شۇ كاتېگورىيەگە تەۋەدۇر.

### 17. گۈلزار نۇسخىسى:

گۈلزار خەت نۇسخىسى ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىدىكى ئۆزگىچىلىككە ئاساسلانغان نۇسخا بولماستىن، بەلكى ئۇ ھەرپلەرنىڭ سىزىقلىرىنىڭ ئىچىنى بېزەشتەك بىر خىل ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرپلەر قايسى نۇسخىدا يېزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (ئەمما كۆپىنچە تەئلىق ۋە نەسخ نۇسخىسىدا يېزىلىدۇ)، ھەرپلەر چوڭراق يېزىلىدۇ، ھەرپلەرنىڭ سىزىقلىرىنىڭ ئىچى گۈل ـ چېچەكلەر، گېئومېترىك نەقىشلەر، ئۆۋچىلىق كۆرۈنۈشلىرى، ئادەم رەسىملىرى، ئۇششاق ھەرپ بىلەن يېزىلغان جۈملىلەر ۋە باشقا بېزەك خارەكتېرىدىكى شەكىللەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. بۇ نۇسخا كۆپىنچە مۇرەككەپ شەكىللىك ھۆسنخەتلەرنى، ماۋزۇلارنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ، ھەمدە باشقا بېزەكلەر ـ نەقىشلەر ھەم ھۆسنخەتلەر بىلەن قوشۇلىدۇ.

### 18. تەۋئەم نۇسخىسى:

تەۋئەم نۇسخىسى يەنە مۇسەننا، ئەينەلى، مەئكۇس ياكى قوشماق خەت نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر بۆلۈك ھۆسنخەتنى قوشماق قىلىپ يېزىشتەك ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بۆلۈك

خەت مەيلى قايسى نۇسخىدا يېزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر( ئەمما كۆپىنچە جەللى سۇلۇس نۇسخىسىدىكى خەتلەر)، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە شۇ بۆلۈك خەت تەتۈر يېزىلىدۇ. بۇ خۇددى بىر خەت بىلەن ئۇنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسى يېقىن تۇرغاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل بولغاچقا، ئۇ مەزكۇر نامىلار بىلەن ئاتالغان. بۇ ئادەتتە نوقۇل بەھىرلىنىش ئۈچۈن يېزىلىدىغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 19. سىياقەت نۇسخىسى:

سىياقەت نۇسخىسى كىچىك ئاسىيادىكى سەلجۇق تۈركلىرى دەۋرىرىدىن تارتىپ مەۋجۇد بولغان. بۇ نۇسخا ئوسمان تۈركلىرى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى يېزىش مەقسىدىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان نۇسخا بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھەرخىل گۇۋاھنامە، ئىجازەتنامە، سودا ـ سېتىققا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدا ھەرپلەرنىڭ يانتۇ ۋە تىك سىزىقلىرى تۈز ۋە توم قىرلىق تارتىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئىشلىتىلگەن ھىرات كۇفىي نۇسخىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 20. سۇنبۇل نۇسخىسى:

سۇنبۇل نۇسخىسى، يەنى «خەتتى سۇنبۇل» ئېغىر (ھەرپلەر توم ۋە زىچ يېزىلىدىغان) ۋە بېزەكلىك نۇسخا بولۇپ، ئۇ دىۋانىي خەت نۇسخىسىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خەت شەكلى بەك جەزبىدار ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى دەۋردە كۆپ ئىشلىتىلمەيۋاتىدۇ.

## 21. مۇسەلسەل نۇسخىسى:

مۇسەلسەل (زەنجىر) نۇسخىسى مەملۇك دەۋرىدە تەۋقىي نۇسخىسىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان نۇسخا بولۇپ، بۇنىڭدا سۆز تەركىبىدىكى ئەلىف (ا) ۋە لام (ل) ھەم بەزى ھەرپلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ. ئەمما مۇكەممەل مۇسەلسەل نۇسخىسىدىكى ھۆسنخەت ئەسىرى تۈرك خەتتاتى ئەھمەد قارا ھىسارىي قەلىمىدە روياپقا چىقتى. مۇسەلسەل نۇسخىسى تۈرلىنىپ چىققان نۇسخا بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ ئاساسىي سۇلۇس ياكى تەۋقىي نۇسخىلىرىدۇر. بۇ نۇسخىدا بىر بۆلۈك سۆزلەردىكى

ھەرپلەر بىر بىرىگە ئۈستى تەرەپتىن تەكشى، مۇۋازىنەتلىك ۋە رەتلىك زەنجىرسىمان ھالەتتە ئۇلىنىپ، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ. مۇسەلسەل ئۇسلۇبىنى تەئلىق ۋە دىۋانىي نۇسخىسىدىكى خەتلەرگىمۇ تەدبىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپ.

**22. زۇلفى ئارۇس نۇسخىسى:**

زۇلفى ئارۇس («كېلىنچەكنىڭ چېچى») نۇسخىسى شەكىل جەھەتتە رەيھانىي ۋە نەستەئلىق نۇسخىسىغا يېقىن كېلىدىغان نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرپلەرنىڭ يانتۇ سىزىقلىرى، سەرمىلىرى، تاقلىرى توم يېزىلىدۇ، ھەرپلەرنىڭ ئاخىرى ئىنچىكە تارتىلىدۇ ھەم ئېگىلگەن سىزىق قوشۇلىدۇ. بۇ سېلىنىپ تۇرغان تال-تال چاچلارغا ئوخشاپ كەتكەچكە، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**23. تاج خەت نۇسخىسى:**

تاج خەت نۇسخىسى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئەڭ كېيىن بارلىققا كەلگەن نۇسخا بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇسخىنى 1930-يىلى مىسىرلىق خەتتات مۇھەممەد مەھفۇز پادىشاھ فۇئاد I ئۈچۈن لايىھەلەپ بەرگەن بولۇپ، پادىشاھ فۇئاد I ئەرەب يېزىقىغا خۇددى لاتىن يېزىقىدىكىدەك ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىدىغان شەكلىنى پەيدا قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ تەلەپ ۋە تاج خەت نۇسخىسى دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. ئەرەب ۋە ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر ھازىرغىچە خەتلەرنى يەنىلا ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىدىغان شەكلى يوق ھالەتتە يېزىپ كەلمەكتە.

**24. ھەرفۇن-نار نۇسخىسى:**

«ھەرفۇن-نار» بولسا «ئوت ھەرپ» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنى ئوت يالقۇنى سىياقىغا كەلتۈرۈپ يازىدىغان بىر نۇسخىنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ يېقىنقى مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن بىر نۇسخى بولۇپ، دېگەندەك غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇيغۇرلاردا يېقىندا بارلىققا كەلگەن ئوتقاش خەت نۇسخىسىمۇ مەلۇم جەھەتتە ھەرفۇن-نار نۇسخىسىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**25. سىينىي نۇسخىسى:**

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى (جۇملىدىن تۇڭگانلار) ئارىسىدا «سىينىي» دەپ ئاتالغان بىر ھۆسنخەت

نۇسخىسى ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇ «سىينىي» يەنى «چىن (جۇڭگو) نۇسخىسى) دەپ ئاتالغان. سىينىي نۇسخىسىدا ھەرپلەر سىلىق، قىسمەن بۆلەكلىرى بەكرەك تومۇ ۋە قىسمەن بۆلەكلىرى بەكرەك ئىنچىكە، ئەگرى سىزىقلار مۇبالىغىلىك يېزىلىدىغان بولۇپ، بۇ خەنزۇ خەتتاتلىقىدىكى پەي ۋە موي قەلەمنى ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەتلەرنى يېزىشتەك ئۇرۇنۇشلاردىن پەيدا بولغان بىر نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخا تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان پار-پۇر بۇيۇملىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا بارلىققا كەلگەن نۇسخىلارنىڭ بەزىسى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئادەتتىكە خەت-چەكلەردە ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى مەخپىي ۋە نازۇك خەت ئالاقىلىرىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، خەت نۇسخىسى تولىمۇ ئىنچىكە ۋە نەپىس خەت نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان لوپا ئەينەك زۆرۈر بولىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كەپتەرلەر ئارقىلىق يوللىنىدىغان خەت-چەكلەرنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. يەنە مەناشىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەت نۇسخىسى مەخسۇس ئەيىبلەش خەتلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. ھىلالىي نۇسخىسىدا ھەرپلەر ئىمكانقەدەر ھىلال ئاي شەكلىگە ئېلىپ كېلىشكەن.

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە مۇشۇ يېزىقنى ئىشلىتىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەر يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان نۇسخىلار ئاساسىدا نۇرغۇن ۋارىيانت نۇسخىلارنى ئۆزگەرتىپ ئىجاد قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇيغۇرلاردىكى نەسخ ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن تۈز خەت نۇسخىسىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

## 4. ئىسلام خەتتاتلىق مائارىپى

خەتتاتلىق مۇھىم بىر سەنئەت تۈرى بولۇش سۈپىتىدە، بۇ سىنئەتكە ئېتىبار بېرىلىدىغان ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەتتە ياش ئەۋلادلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا خەتنى چىرايلىق يېزىش تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەتتاتلىق سەنئىتىگە ھەۋەس ۋە ئىشتىياق باغلىغۇچى بىر قىسىم ئەۋلادلارغا نوقۇل چىرايلىق خەت يېزىش ياكى پۇچۇركىنى ياخشىلاش سەۋىيەسىدىن ھالقىپ تۇرۇلۇپ، سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن خەتتاتلىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتتە

خەنزۇ مىللىتى ۋە ئەرەب يېزىقى ھەم مۇشۇ ئاساستا تۈرلىنىپ چىققان يېزىقلارنى ئىشلەتكۈچى مىللەتلەردە بۇنداق ئەنئەنىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمدىن ئېتىبارەن شۇ مىللەتلەردە ۋە ئەللەردە خەتتاتلىق مائارىپى مەكتەب - مەدرىسە تەربىيەسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان. ھەتتا بۈگۈنكى دەۋرلەردە خەتتاتلىق ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس كەسپ سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇپ ئۆگىتىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئېلىمىزدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق نۇرغۇن مەكتەپلەردە مەخسۇس خەتتاتلىق كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دەرىجىسىدە داۋاملىق ئوقۇغۇچى تەربىيەلىنىدۇ. خەتتاتلىق مائارىپى ئۆز ئالدىغا بىر قاتار پرىنسىپ، جەريان، دەرسلىك، ماھارەت ۋە بىلىم، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب - جابدۇق، ئىجادىيەت ئۇسۇلى.... قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بىر سىستېما بولۇپ، بۇ خەتتاتلىقنى مەيلى قايسى دەرىجىدە ئۆگىنىش بولسۇن، ھەممىسىدە يېزىقنى تەتقىق قىلىش، يېزىق قۇراللىرىنى تونۇش ۋە ئىشلىتىش ۋە ياساش ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش، خەت نۇسخىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، .... قاتارلىق باسقۇچلارنى تاماملاش زۆرۈر بولىدۇ. خەتتاتلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەردە مەزكۇر سەنئەتنىڭ تاكى بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەتتاتلىق مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە داۋاملاشتۇرۇلىشىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

ئەرەب تىلى مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان» نىڭ تىلى، ئەرەب يېزىقى بولسا ئەشۇ مۇقەددەس ۋەھيىلەر خاتىرىلەنگەن يېزىقتۇر. ئەرەب تىلى، ئەرەب يېزىقى، جۈملىدىن ئەرەب يېزىقنى گۈزەل يېزىش خاھىشى بىلەن ئەشۇ دىنىي ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىبەت سەۋەبىدىن، ئىسلام دۇنياسىدا خەتتاتلارغا ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىمتىياز ئاتا قىلىنغان. ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى دەسلەپتە شەكىللەنگەن ئەنئەنە يولى بىلەن 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆگىتىلىپ داۋاملىشىپ كەلمەكە. ئەرەب يېزىقى ۋە شۇ يېزىق ئاساسىدا شەتكىللەنگەن باشقا مىللىي يېزىقلار بويىچە خەتتاتقا ئايلىنىش ئۈچۈن نەچچىلىگەن يىللار ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ. شاگىرتلارنىڭ مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھۆسنخەت سەنئىتىنى ئۆگىنىپ بۇ سەنئەتنى داۋاملاشتۇرغۇچىغا

ئايلىنىشتەك ئەنئەنە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلىي ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تۇتۇشىدۇ.

ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەۋرىشىملىكىدۇر. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئەرەب يېزىقىنى تۈرلۈك شەكىل ۋە نۇسخىلاردا يېزىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن، ھەمدە نەچچە ئەسىر مابەينىدە خەتتاتلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن خەت نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە داڭلىق خەتتاتلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆسنخەت سەنئىتىنىڭ قاتتىق قائىدە ـ نىزاملىرىنى بويلاپ ماڭىدىغان خەتتاتلىق ئەنئەنىسى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ.

تارىختا خەتتاتلىق سەنئىتى ئىسلام مائارىپىنىڭ ناھايىتى مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا «قۇرئان» ۋە ھەدىس كىتابلىرى ھەم باشقا يازمىلارنى قولدا كۆچۈرۈشتەك زۆرۈرىيەتتىن باشقا، يەنە جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن خەت سەنئىتىنىڭ تەبىئىي يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىشى ۋە كۆپ ئېتىبارغا ئېرىششى سەۋەب بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدىكى «ھۆسنخەتنى چىڭ تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ رىزىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.»، «كىمكى ‹بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم› نى چىرايلىق يازسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ.»[①] دېگەن ھەدىسلىرى سەۋەبىدىن، خەت سەنئىتى خەتتاتلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغان. ئەرەب يېزىقى ۋە شۇ ئاساسىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتى قەدىمدىن تارتىپلا خەتتاتلارنىڭ قاتتىق ئۆلچەملىك ئىختىيارىي مەشقلىرى ۋە ئىجادىيىتى ئاساسىدا يېتىلىپ پىشقان سەنئەتتۇر.

ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تارىخىدا مەشھۇر خەتتاتلار باشتىن ـ ئاخىر ھەر قايسى نۇسخىلاردىكى ھەرپلەرنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىگە ئائىت نۇرغۇن قائىدە ۋە قانۇنىيەتلەرنى بېكىتىپ چىققان. ئىبنى مۇقلەھتىن يۇقۇت مۇستەسىمىيگىچە، مىر ئىماد ھۇسنىيدىن ھاشىم مۇھەممەد باغدادىيگىچە ھەر قايسى نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرگە ئىنچىكە چېكىتلىك ئۆلچەم بېكىتىپ، ھەر

[①] بۇلار ئاجىز ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن.

قايسى نۇسخىلارنىڭ زور تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ بەردى. ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا ھەر قايسى نۇسخىدىكى ھەرپلەرنىڭ قېلىپقا سېلىنىشىدا يېتىلگەن ئۇستاز خەتتاتلارنىڭ شاگىرت تەربىيەلەش ۋە خەتتاتلىق تەلىم ـ تەربىيەسى ئۈچۈن تەييارلىغان قوللانما كىتابلىرى (يەنى كۇرراسە) نىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. يەنى شۇ خەتتاتلار تۈزۈپ قالدۇرغان قوللانما كىتابلار بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە قاتتىق رىئايە قىلغان ئاساستا تۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسى نۇسخىلاردىكى ھەرپلەرنىڭ ئۆلچەملىرى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈلدى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا، ئاساسلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى مۇشۇنداق تەكرار ئىجاد قىلىنىشى داۋامىدا 16 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن مۇقىملاشتى. كېيىنكى دەۋردىكى خەتتاتلارمۇ ھۆسنخەت شەكىللىرىدە ئىلگىرىكى نۇسخا شەكىللىرىگە سادىق بولۇشنى قەتئىي پرىنسىپ قىلدى. مۇشۇنداق ئەنئەنىنى بويلاپ ھازىرغىچە نۇرغۇن خەتتاتلار خەتتاتلىق قوللانمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭدىن سىرت، بىر قىسىم خەتتاتلار مەخسۇس رىسالىلەرنى يېزىپ خەت مەشقى ۋە خەت ئىجادىيىتى بويىچە چوڭقۇر نەزەرىيەۋىي مۇلاھىزەلەرنى يۈرگۈزدى. مەسىلەن، ناۋائىينىڭ كۆپ ئەسەرلىرىنى تەئلىق نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن خەتتات سۇلتان ئەلى مەشھەدىي ناۋائىي دەۋرىدە تەئلىق نۇسخىسى توغرىسىدا مەخسۇس بىر رىسالە يازدى. مىر ئىماد ھۇسنىي تەئلىق خەت ھەققىدە «رىسالەئى ئادابۇل مەشق» ناملىق رىسالىنى يازدى. مۇھەممەد شەمسىددىن لەخنەۋىيمۇ تەئلىق نۇسخىسى توغرىسىدا رىسالە يېزىپ قالدۇردى. دېمەك، يۇقىرىدىكى قوللانما ۋە رىسالە كىتابلار يالغۇز ئۇستاز ـ شاگىرتلار ئوتتۇرىسىدىكى خەتتاتلىق تەلىم ـ تەربىيەسىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولۇپلا قالماستىن، ئۇلاردىكى خەت نۇسخىلىرى يەنە ئىختىيارىي ئۆگەنگۈچىلەرنىڭمۇ خەتتاتلىقنى قەدىمكى مۇقىملاشقان ئەنئەنىگە ياندىشىپ ئۆگىنىشىدىكى ئاساسىي ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلاندى.

ئەرەب يېزىقى بويىچە خەتتاتلىق مائارىپىدا ھۆسنخەت سەنئىتىنى ئۆگىنىش خۇددىي باشقا بىلىملەرنى ئۆگەنگەندەك نەزەرىيە ئۆگىنىش، قورال ـ سايمانلارنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئىگىلەش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ مەشق قىلىش ۋە ئىجاد ـ ئىخترا

قىلىشتەك بىر قاتار جەريانلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بىر سىستېمىلىق جەرياندۇر. نەۋائىي ۋە باشقا شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ كاتتا ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆچۈرگەن مەشھۇر فارس خەتتاتى سۇلتان ئەلي مەشھەدىينىڭ خەتتاتلىق ھەققىدىكى رىسالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، خەتتاتلىقنى ئۆگىنىش مۇنداق ئىككى چوڭ باشقۇچتىن تەشكىل تاپىدۇ: بىرى «قەلەمىي»، يەنى ئىلگىرىكى خەتتاتلارنىڭ ياخشى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى تەقلىد قىلىپ كۆچۈرۈپ ئۆگىنىش؛ يەنە بىرى «نەزەرىي»، يەنى ئەمەلىي ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى يېزىش ئارقىلىق خەتتاتلىقنىڭ (ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر قايسى نۇسخىلارنىڭ) قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش.[①] مەزكۇر قائىدە گەرچە ئەمەلىي ئۆگىنىش جەريانىدا كۆپ تەكىتلەنمىسىمۇ، ئەمما خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشتە يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈلىدىغانلىقى ئەمەلىيەت بولۇپ، بۇ قائىدىلەرنىڭ كونكرېت تەدبىقلىنىشىدا ھەر قايسى خەتتاتلارنىڭ ئۇسۇلى پەرقلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىقى ئومۇمىي قائىدىگە بويسۇنغان ھالدا، بىر قەدەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە ئىسلام ئەللىرىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋىي خەتتاتلىق ئوقۇتۇشى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئىككى باسقۇچتىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى يەككە ھەرپلەرنى مەشىق قىلىش باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچ «مۇفرەدات» (Mufradat ـ يەنى يەككە ھەرپلەر مەشقى) دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچى ئۇستازى تەمىنلىگەن ئەرەب يېزىقىدىكى ھەرپ ئۆلگىلىرىنى تەرتىپ بويىچە مەشىق قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار (شاگىرتلار) يەككە ھەرپلەرنى تەكرار كۆچۈرۈش، ئاندىن كېيىن ئۇستازلىرىنىڭ ھۆسنخەتلىرىدىكى ھەرپ ئۆلگىلىرىنى كۆچۈرۈپ مەشىق قىلىدۇ. بۇ باسقۇچ 25 تىن 30 غىچە دەرستىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ باسقۇچتا شاگىرتلار ئەنئەنىۋى ئالتە نۇسخا (نەسخ، سۇلۇس، مۇھەققەق، رەيھانىي، تەۋقىي ۋە رۇقئە شەكىللىرى قاتتىق ئۆلچەملەر (يەنى چېكىت ئارقىلىق ھەرپلەر نىسبىتىنى بەلگىلەش قائىدىسى) بويىچە ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ بولسا «مۇرەككەبات» (Murakkabat ـ يەنى قوشۇلما ھەرپ ۋە سۆز ـ جۈملىلەر مەشقى) دەپ ئاتىلىدىغان باسقۇچ بولۇپ، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچى

[①] [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى] ئا. ئا. گوبېر، ف. ف. بافروۋ: «سەنئەت ئۇستازلىرى سەنئەت ھەققىدە»، مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 1 ـ توم، 160 ـ بەت.

سۆزلەرنىڭ (ھەرپ جەھەتتىكى) قۇرۇلمىسىنى ۋە جۈملىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىدۇ. دەسلەپتە يەككە ھەرپلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان شەكىللىرىنى تاكى ئۆلچەمگە چۈشۈرۈپ يازالايدىغان بولغانغا قەدەر تەكرار ئۆگىنىدۇ. ئاندىن كېيىن قىسقا جۈملىلەر (مەسىلەن، ئىككى مىسرالىق نەزمىلەر، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ۋە «قۇرئان» نىڭ قىسقا ئايەتلىرى) نى ئوسمانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ مەشھۇر بولغان ئىككى نۇسخا ــــ سۇلۇس ۋە نەسخ نۇسخىلىرىدا كىرىشتۈرۈپ يېزىپ ئۆگىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىلگىرىكى بىرەر مەشھۇر خەتتاتنىڭ ئېسىل ئەسىرىدىن بىرەرنى كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلدا خەتتاتلار ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىپى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، بىر ۋاراق مەشىق قەغىزىنىڭ بېشىغا بىر ـ ئىككى قۇر شېئىر ياكى جۈملىلەرنى مەلۇم نۇسخىدا يېزىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ كۆچۈرۈپ ئۆگىنىشكە تاپشۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەشىق ۋارىقىغا ئەلگە خەت تەدبىقلاپ ھەرپلەرنى ۋە سۆز جۈملىلەرنى مەشىق قىلىدۇ. ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەزى مەنبەلەردە خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشنىڭ باسقۇچى «مۇفرەدات»، «مۇرەككەبات» ۋە «كەلىمات» (يەنى سۆزلەر مەشقى) دەپ بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ يۇقىرىدىكى بۆلۈپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن كۆپ پەرقى يوقتۇر.

ئوسمانىيلەر ئېمپىرىيەسى دەۋرىدە ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتى مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەندى. 500 يىلچە ۋاقىتتا تۈركىيە پۈتۈن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈك بولۇشتەك شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولۇپ، ئۇ يەردە سانسىز ئەسەرلەر كۆچۈرۈلدى، تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە فارسلاردىن نۇرغۇن مەشھۇر خەتتاتلار يېتىشىپ چىقىپ، ناھايىتى ئېسىل ۋە ئۆلمەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىستانبۇل ئىسلام دۇنياسىدىكى خەتتاتلىق مائارىپىنىڭ مەركىز بولۇش سۈپىتىدە، ئۇ يەردە خەتتاتلىق تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى ناھايىتى يۇكسەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام خەتتاتلىقى مۇخلىسلىرى تۈركىيەگە بېرىپ، شۇ يەردە داڭلىق خەتتاتلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەتتاتلىقنى ئۆگىنىدۇ، ئىلگىرىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىپ مەشىق قىلىدۇ، ئۇستازىنىڭ خەت يېزىشى جەريانىنى كۆزىتىپ، ئۇ ئىشلەتكەن قەلەم، قەغەز، سىياھلارنى ياساش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، ئۇستازى رازى بولغۇچىلىك مەشىق قىلىپ ئاخىرىدا بىر

ئېسىل ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىجازەتكە ئېرىشىدۇ.

ئىجازەت بېرىش ـــ ئىسلام خەتتاتلىق مائارىپىدىكى ئۆزگىچە بىر ھادىسە بولۇپ، ئۇ خەتتاتلىق مائارىپىدىكى دىپلوم ياكى شاھادەتنامە سۈپىتىدە شاگىرت خەتتاتلارغا بېرىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق خەتتاتلىق مائارىپىنىڭ نەتىجىسى بولغان يېڭى خەتتاتلارنى ئېنىق سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئىجازەت بېرىش شەكلى بىلەن شاگىرت تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا مەشھۇر خەتتاتلار شاگىرتلار بىلەن يۈزمۇ - يۈز ياكى رو بېرو شەكىلدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شاگىرتلار بىر قانچە خەت نۇسخىسىدا كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن «ئىجازەتنامە» گە ئېرىشىدۇ، ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ شاگىرت تەربىيەلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارمۇ مەزكۇر ئەنئەنىنىڭ ئۇلغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچنى غەلىبىلىك تاماملىغان ئوقۇغۇچىغا ئۇستازى «ئىجازەت» بېرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىمۇ رەسمىي خەتتاتقا ئايلىنىدۇ، ھەمدە ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىگە «كەتەبەھۇ ......» (يەنى، بۇنى ..... يازدى..) دېگەن ئىمزانى قويسا بولىدۇ. ئۈگەنگۈچى ناۋادا ئايال جىنسلىق بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەرەب تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مۇئەننەس جىنسى بويىچە تۈرلىنىش قائىدىسىگە ئاساسەن «كەتەبەتھۇ ....... » دەپ يازىدۇ. مۇشۇ پۈتۈن جەريانغا ئۈچ يىلدىن ئون يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ.

ئىجازەت مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، بىر كىشى يۇقىرى ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۈگىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ بىلىملەرنى تارقىتىش ياكى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدىغانلىقىغا ھوقۇق بېرىلگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدىغان شاھادەتنامە ياكى رۇخسەتنامە بولۇپ، ئۇ يەنە ئىجازەتكە ئېرىشكۈچىنىڭ مەزكۇر بىلىملەرنى ئۇستازىدىن يۈز تۇرانە ئۈگىنىپ ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. ئالىي ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۈگەنگەنگۈچىلەرگە ئىجازەر بېرىش مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەردە قەيرۇۋان ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى بولۇپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە ئۇ ئاساسەن ئىسلام شەرئىتى ئۈگەنگۈچىلەرگە بېرىلگەن ئىدى. كېيىنچە ئىجازەت بېرىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. بۇنىڭ جۈملىسىدە خەتتاتلىق ئۈگەنگۈچىلەرگە ئىجازەت بېرىش قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە بولۇپ، باشقا ئىلىملەر بويىچە ھەر قايسى

ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھۆكۈمەت نامىدىن تۈرلۈك دىپلوما ۋە شاھادەتنامە تارقىتىدىغان ئەھۋالغا ئەگىشىپ ئەشۇ ئىلىملەر بويىچە ئىجازەت تارقىتىدىغان ئەھۋالنىڭ يوقىلىپ بېرىشىنىڭ ئەكسىچە، خەتتاتلىق ساھەسىدە ئىجازەت بېرىش ئىشى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئۇستاز شاگىرتقا ئۆگىتىشتەك، قەدىمكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىشتەك مائارىپ ئەندىزىسى تۈپەيلىدىن، قەدىمكى ۋايىغا يەتكەن نۇسخىلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز سادىر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئىسلام خەتتاتلىقى ئۆز يولى بويىچە تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە.

مۇسۇلمانلارنىڭ خەتتاتلىق مائارىپىدا شەكىللەنگەن ئىجازەت بېرىش ئارقىلىق خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىلگىرىدىن ھازىرغا ئۇلاشتەك ئەنئەنىدە دىپلوم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىجازەت ئۆز ئالدىغا بىر كاتتا سەنئەت ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجازەت كىچىك بىر ۋاراق مەشق قەغىزى ياكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تامغا ـ مۆھۈرلىرى بېسىلغان دىپلوم بولماستىن، بەلكى مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ ئىجازەت بېرىشكە مۇيەسسەر بولغان، خەتتاتنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە تەستىق بېرىدىغان بىر ئېتىراپنامە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجازەتنىڭ تېكىستى بىر پارچە بېزەكلىك قاتتىق كارتون تاختا ئۈستىگە چاپلانغان ئىككى ۋاراقلىق ئىككى بۆلەكتىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بولغان قەغەزگە شاگىرت خەتتات ئۇستازى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تاللىغان ھۆسنخەت يېزىلغان بولىدۇ. بۇ بۆلەك كارتون تاختىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستى كۆپىنچە ھاللاردا «قۇرئان» ئايەتلىرى، ھەدىسلەر ۋە باشقا دىنىي مەزمۇندىكى يازمىلار بولىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكى بولسا ئىجازەتنىڭ ھەقىقىي تېكىستى بولۇپ، ئۇ بىر قانچە مۇھىم مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇستاز بولغۇچى خەتتات شاگىرتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى يازغان خەتلىرى ئۈستىگە ئەرەبچە «ئەجەزتۇ بى ۋەزئىل كەتەبە ......» (يەنى، ..... نىڭ ...... دەپ يېزىشىغا ئىجازەت بەردىم) دىگەن جۈملە يېزىلىدۇ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شاگىرتنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇستازنىڭ ئىسمى ۋە ۋاقىت يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇستازنىڭ شاگىرتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەك مەزمۇندىكى دۇئالارمۇ يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا باشقا خەتتاتلارنىڭ ئىمزالىرىمۇ قويۇلۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندىكىسى ئەشۇ خىل ئىجازەتنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئەلى ئارىف ئەپەندى مىلادىيە 1791 ـ يىلى سۇلۇس ۋە نەسخ نۇسخىلىرىدا يازغان. ئىجازەتنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئەلى ئارىف ئەپەندىگە ئىجازەت بەرگۈچىلەردىن مۇستافا ھەلىمي ۋە ھۈسەيىن ھامدىلارنىڭ ئىجازەت خەت نۇسخىسىدىكى ئىككى بۆلەك گۇۋاھلىق سۆزى يېزىلغان.




قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بىر ئۇستاز خەتتات بىر شاگىرتقا ئىجازەت بەرگەندە ھۆسنخەتنىڭ ھەممە نۇسخىسىدىن ئىجازەت بەرگەن ئەمەس. ئادەتتە كۆپ قىسىم ئىجازەت نۇسخىلار بويىچە بېرىلىدىغان بولۇپ، بىر قېتىمدا ئادەتتە ئىككى نۇسخا بويىچە ئىجازەت بېرىش كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ئىجازەتنىڭ ئۈستىگە شاگىرت خەتتات ئىككى خىل نۇسخىسىدا ماھارەت كۆرسىتىپ خەت يازىدۇ. ھازىرقى دەۋردە ئەرەب ئەللىرىدە ۋە ئىران، تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپلەردە ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە مەخسۇس كەسپلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىزمىز. شۇنداقتىمۇ ھەر خىل كۆلەمدىكى كۇرسلار مەزكۇر دۆلەتلەردە داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەمما مۇشۇنىڭغا ياندىشىپ ھالدا، خەتتاتلىق تەلىم ـ تەربىيەسىدە شاگىرتلار ئۇستاز خەتتاتلارنىڭ قولىدا يۈز تۇرانە تەربىيەلىنىپ ئاخىرىدا ئىجازەت ئالىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى

ئىرچىل قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋردە بىزگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىلگىرىكى ئۇستاز خەتتاتلاردىن تەلىم ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلەردۇر. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۈگۈنكى دەۋردە ئىجازەت ئېلىش شەكلى بىلەن خەتتاتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلايدىغان ئەنئەنە تۈركىيەدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ ھوزۇرىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەۋەسكارلار نەچچە يىللاپ خەتتاتلىقنى ئۆگىنىپ ئىجازەتكە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتى مائارىپىدا نۆۋەتتە ئىجازەت بېرىش ئەنئەنىسىگە ياندىشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر ئۇسۇل ــ ھۆسنخەت كۇرسلىرىنى ئېچىپ شاگىرت تەربىيەلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئەرەب ئەللىرىدە ۋە تۈركىيە ھەم ئىران قاتارلىق ئەللەردە ئالىي مەكتەپلەردە نەچچە يىللاپ ئۆگىنىدىغان خەتتاتلىق كەسپى كۆپ تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىچىك كۆلەمدىكى كۇرسلار ھەر ۋاقىت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر خەتتات ئۆزىنىڭ شارائىتى ۋە نۇسخا ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بىر ـ ئىككى نۇسخا بويىچە قەرەلسىز ۋە قەرەللىك كۇرسلارنىڭ تەشكىللەپ، كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيەلەيدۇ. بۇ كۇرسلارنىڭ بەزىلىرى يەنە ئىجازەت بېرىش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كۇرسلار ھەتتا غەرپ ئەللىرىدىمۇ دائىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بىر خىل تەلىم ـ تەربىيە شەكلى بولۇپ تۇرماقتا.

## 5. خەتتاتلىق قوراللىرى

### 1) قەغەز:

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا قەدىمدىن تارتىپ قەغەز سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن نەرسە ــــ قومۇش قەغەز (يەنى مىسىر قومۇش قەغىزى ــــpapyrus)، تېرە ۋە رەسمىي قەغەزدۇر. قىرتاس (ياكى پاپىرۇس) مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن قەدىمكى مىسىردا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مىسىردا قىرتاس تاكى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئۇنىڭ ئورنىنى رەسمىي قەغەز ئالدى. مىسىر قومۇش قەغىزىنىڭ رەڭگەى ئوچۇق، يۈزى سىلىق، پۇختا ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ، 10 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەردىكى بىر قىسىم يازمىلار ئەنە شۇ قومۇش قەغەزگە پۈتۈلگەندۇر.

تېرە ـ ئەرەب ـ ئىسلام خەتتاتلىقىدا قەدىمدىن تارتىپلا ئىشلىتىپ كەلگەن ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆچكە، قوي، كالا، ئېشەك ۋە بۇغا تېرىلىرى (جىلد، رەقق ـ ئەرەبچە) ئىشلىتىلگەن. بۇنداق تېرە ئالدى بىلەن تولۇق ئاشلانغان (تېرە يۈزىدىكى يۈكلەر چۈشۈرۈۋېتىلگەن) دىن كېيىن، خەت كۆپىنچە تېرىنىڭ سىرتقى يۈزى (يەنى تۈك بار تەرىپى) گە يېزىلغان. تېرىنى يەنە بوياشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى خەت يېزىشقا ئىشلىتىلگەن تېرىلەرنىڭ بىر قىسمى ھەرخىل رەڭلەردە بويالغان. تېرە قىممەترەك نەرسە بولغاچقا، يەنە ئەينى بىر تېرە تەكرار خەت يېزىشقا ئىشلىتىلگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ (ئۇ يۇيۇلىدۇ ياكى ئەسلىدىكى خەت قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.)

قەغەز ئىسلام دىيارلىرىدا خەت يېزىشتا ئەڭ كېيىن ئىشلىتىلگەن، ئەمما ھازىرغا قەدەر ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ماتېرىيال بولۇپ، ئەرەب تارىخچىسى ئەلسەئلەبىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، جۇڭگو قەغىزى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان، ئاندىن 8 ـ ئەسىردە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ۋاستىسىدە قەغەز ياساش تېخنىكىسى غەربىي ئاسىياغا تارالغان ئىكەن.

«كاغەز» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر ـ سوغدى تىلىدىكى «كاغاز» سۆزىدىن ياكى گىرېكچە «چارتاس» ياكى ئەرەبچە قومۇش مەنىسىدىكى «قەرتەس» سۆزلىرىدىن كەلگەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ . 10 ـ ئەسىردە

ئاbbاس خەلىپىلىكى دەۋرىدە قەغەز رەسمى تۈردە مىسىر قومۇش قەغىزى ۋە تېرە قەغەزلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى.

قەغەزنىڭ يازمىچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىشى تەبىئىي رەۋىشتە ھەر قايسى پەن ۋە سەنئەت ساھەسىدە كۆپلىگەن يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇندىن ئېتىبارەن كىتابلار قەغەزلەرگە يېزىلىدىغان بولدى. ئەرەبلەردە قەغەزگە يېزىلغان تۇنجى كىتاب مىلادىيە 848 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھازىر ئىسكەندەرىيە كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

قەغەزنىڭ خەتتاتلىقتا ئىشلىتىلىشى تەبىئىيلا يېڭى خەت نۇسخىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. 9 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ئەرەب يېزىقى ئاساسەن كۇفىي نۇسخىسىدا قومۇش قەغەزگە ۋە تېرە قەغەزلەرگە يېزىلغان بولسا، 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەرەب خەتتاتلىقىدا چىرماش نۇسخىلارنىڭ تىز تەرەققىي قىلىشى مەلۇم جەھەتتە قەغەز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا قەغەزچىلىك كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، قەغەز يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىغاندىن باشقا، يەنە ياۋروپا ئەللىرىگە سېتىلىدىغان بولدى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب خەتتاتلىقىدا ئىشلىتىلگەن قەغەزلەرنى ئىلمىي ئاساستا قايتىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى، كىراخمال، تۇخۇم ئېقى، مېغىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يىلىم (ئەرەبچە « ئەھەر ») قەغەز يۈزىگە سۈركەلگەن. بۇ قەغەز يۈزىگە خەت يازغاندا سىياھنىڭ تارىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغاندىن باشقا، خاتا يېزىلىپ قالغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈپ تۈزەشكىمۇ ئىمكانىيەت بەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قەغەز يۈزىنى سىلىقلاشتۇرۇش ۋە بىرلىگەن يىلىمنى پۇختىلاش ئۈچۈن، قەغەز يۈزىگە سىلىق ياغاچ، ھېقىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى سۈركىگەن. قەغەز پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھۆسنىخەت ياكى باشقا يازمىلارنى يېزىشتىن بۇرۇن، قەغەز «مەستار» ياكى «مىستەرە» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىچىگە يانتۇ يىپلار (سىزىق تارتىش ئۈچۈن) چىكىلگەن جاھازا ئارقىلىق، يېزىلىدىغان خەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بۆلەكلەرگە ئەيرىلغان ۋە سىزىق سىزىلغان. سىزىق قەلەم بىلەن سىزىلماستىن، بەلكى تىرناق ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، قەغەز يۈزىگە سىزىقلارنىڭ ئىزى چىقىرىلغان. بۇنداق ئۇسۇل (يىپ تارتىلغان رامكا ئارقىلىق قەغەز يۈزىنى بۆلەكلەرگە بۆلىدىغان ۋە سىزىق تارتىدىغان ئۇسۇل) ئوتتۇرا

ئەسىرلەردىلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا خەتتاتلار ئىسىل ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى (جۇملىدىن لەۋھەلەرنى) يېزىش ئۈچۈن قەغەزلەرنى مەلۇم رەڭلەر بىلەن بويايدىغان بولدى. بولۇپمۇ 15 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن لەۋھە شەكلىدىكى ھۆسنخەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېشىل، كۆك، قىزغۇچ ۋە سېرىق رەڭدە بويالغان قەغەزلەرگە يېزىلغاندۇر. قەغەزنى بوياشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى مەلۇم رەڭدە بويالغان قەغەزنىڭ يۈزىگە ئالتۇن سۈيى ياكى كېپەك ئالتۇننى چېچىش ئارقىلىق قەغەزنى تېخىمۇ ئىسىل سۈپەتكە ئېلىپ كىلىدىغان تېخنىكا بولۇپ، بۇ تېخنىكا «زەر ئەفشانى» (ئالتۇن چېچىش) دەپ ئاتالغان. قەغەزنى بوياش ۋە يۈزىگە ئالتۇن ھەل بىرىش تېخنىكىسى تاڭ دەۋرىدىلا جۇڭگودىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەزكۇر تېخنىكىنىمۇ جۇڭگودىن قوبۇل قىلغانلىقى قىياس قىلىنىدۇ. ئالتۇن ھەل بىرىلگەن قەغەز قىممەت بولغاچقا، ئىرانلىقلار بۇ خىلدىكى قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزلىرى قوللىنىپ، چىن قەغەزلىرىنى ئىمپورت قىلمايدىغان بولغان. 15 ـ 16 ـ ئەسىرلەردە موغال ئىمپېرىيەسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدا بارلىققا كەلگەن ئىسىل مىنىياتۇرا، ھۆسنخەت لەۋھەلىرى ۋە بەزى كىتابلار (مەسىلەن «قۇرئان» ۋە باشقا «قىسسە» لەر) نىڭ بەتلىرىمۇ ئالتۇن ھەل بىرىلگەن قەغەزلەرگە يېزىلغاندۇر.

شۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك دەۋرلەردە قەغەز يۈزىگە قەغەز رەڭگىدىن پەرقلىنىدىغان رەڭدىكى بوياقلارغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سۇسلىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قەغەز يۈزىگە تەرتىپسىز چېچىش ياكى سۈركەش ئارقىلىق، قەغەز يۈزىنى بۇلۇت ياكى مەرمەر تاش كۆرۈنىشىگە ئىگە قىلىدىغان ئەبرو تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ خىلدىكى قەغەزلەرگە ھۆسنخەت يېزىش ۋە مىنىياتۇرا رەسىملىرىنى سىزىش ھازىرغىچە ئىراندا كەڭ قوللىنىپ كەلمەكتە. ئىلگىرىكى دەۋرلەرسە ئەسەرلىرىنى ئېبرولانغان قەغەزلەرگە تۇنجى بولۇپ يازغان خەتتاتلار سۇلتان ئەلى مەشھەدىي ۋە مىرئەلىي ھېرەۋىيلەردۇر. بۇ قەزغەز فارىسچىدە «قەغەز ئېبرى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى «ئېبرى» (ئەسلىي ئەبرو) سۆزىنىڭ تۈركچە «بۇلۇت» مەنىسىنىڭ بارلىق ئېتىبارى بىلەن، ئۇنى قەغەز يۈزىنى كۆكتىكى بۇلۇتلار ئۇچۇپ يۈرگەن ھالغا ئېلىپ كېلىش تېخنىكىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھۆسنخەت يېزىلىدىغان ئەسەرلەرنى تەييارلاشنىڭ يەنە بىر تېخنىكىسى «قەتئىد» دەپ ئاتالغان، كەسمە قەغەز ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا خەت يېزىلغان يېشىل، سېرىق، قىزغۇچ،

ئاق ياكى قوڭۇر رەڭدىكى قەغەز كېسۋېلىنغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئېغىرراق رەڭدىكى يېزىشقا بىر قەغەزگە چاپلىنىدۇ، مۇشۇ ئۇسۇلدا ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى ۋە رەڭدىكى قەغەزلەر (خەت يېزىلغان) چوڭ بىر تاختا قەغەز (يەنى لەۋھە) يۈزىگە مەلۇم تەرتىپتە چاپلانغاندىن كېيىن، رەڭگى ۋە قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، خەت شەكلى ھەرخىل بىر پۈتۈن لەۋھە ئەسەر پۈتۈپ چىقىدۇ. مانا بۇ «كەسمە قەغەز » ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق تېخنىكا تېمۇرىيلەر سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارا زامانىدا كەڭ ئىشلىتىلىشكە سازاۋەر بولغان بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قىسىم غەزەللەر (جۈملىدىن ھۈسەيىن بايقارانىڭ غەزەللىرى) شۇ خىل ئۇسۇلدا لەۋھەلەرگە ئايلاندۇرۇلغان، كېيىن ئوسمان ئېمپېرىيەسى زامانىدا تۈركىيىدە تۈرك ۋە فارس خەتتاتلار بۇ تېخنىكىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەتكەن.

2) قەلەم ۋە قەلەمدان:

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىقتا ئىشلىتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى قەلەم ــــ قومۇش قەلەمدۇر. قەدىمكى قومۇش قەلەملەر زامانىمىزغا يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي مەلۇماتلاردا سازلىقلاردا ئۆسىدىغان قومۇشلارنىڭ قەلەم ياساشتا ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەر بار. ( مەسىلەن 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيىچىسى ئەلمۇقەددەسىينىڭ ئەسىرىدە شۇ ۋاقىتتىكى مەلۇماتلار بار.) قەلەم ئۈچۈن ئىشلىتىشكە لايىق كېلىدىغان قەلەم ئەرەب ئەللىرىدە (مىسىر ۋە ئىراقتا)، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم دىيارىمىزدا كۆپ بولۇپ، قەلەم ئىچى كاۋاك نەي ھالىتىدىكى قومۇشنىڭ ئىككى بوغۇمىنىڭ ئوتتۇرىسىنى يانتۇ كېسىشتىن ياسالغان. قەلەم ھۆسنخەتنىڭ نۇسخىلىرىغا ۋە سىيتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، خەتتاتلار قەلەم تەييارلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەندۇر. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن ھىندونېزىيىدە مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغان مۇسۇلمانلار ھىندونېزىيىدە ۋە مالايسىيادا ئۆسىدىغان قاتتىق، تۈزەپالما شېخىدىن ياسالغان قەلەمنى ئەرەب ئەللىرىگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئوسمان ئېمپېرىيىسىدىكى خەتتاتلار «جاۋا قەلىمى» دەپ ئاتالغان مەزكۇر قەلەمنى كۆپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ خەتلەرنى يېزىشقا يەنە بامبۇك ياغاچلىرىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

قەلەم مۇسۇلمان خەتتاتلىرى تەرىپىدىن بەك ئەتىۋارلىنىپ كەلدى. چۈنكى، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ مەخلۇقاتلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ قەلەمنى ياراتقان، «قۇرئان» نىڭ دەسلەپ نازىل بولغان

ئايىتىدە قەلەم تىلغا ئېلىنىدۇ، ئىسلام ئەنئەنىسىدە قەلەم مەمۇرىي ساھەنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مۇقىملاشقان بولۇپ، «ئەلەم ۋە قەلەم» ئىبارىلىرىدە ئەنە شۇ ھەربىي ـ مۈلكىي ۋە مەمۇرىي ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قەلەم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قومۇش (پارسچە «نەي» دېيىلىدۇ.) يەنە چالغۇ ئەسۋاب ــ نەيىنىڭمۇ ماتېرىيالى بولغاچقا، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى زاتلار ۋە خەتتاتلار نەزىرىدە قومۇش (نەي) ئىنسان روھىنى ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلار شەكلىدە ئىپادىلەيدۇ ھەم دولقۇنسىمان ئاۋاز ـ كۈيلەر (نەي ئاۋازى) ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيدۇ.

قەلەم ياساشتا قومۇش كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن سۇغا بىر مەزگىل چىلاپ قويۇلىدۇ ياكى ئات تېزىكى ئىچىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، قەلەم ياسايدىغان قومۇش تولۇق قۇرۇشى، پىششى، چىلان رەڭگىگە ياكى قارا رەڭگە كېلىشى كېرەك. قومۇشتىن قەلەم ياساشتا، قومۇشنىڭ بىر ئۇچى يانتۇ ھالەتتە كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، قەلەمنىڭ ئۇچى يالپاقلىنىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن ئىتتىك پىچاق بىلەن ياپىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ئۇچ يانتۇ ھالەتتە كېسىلىدۇ. ئىسلام خەتتاتلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە قەلەمنىڭ ئۇچى يانتۇ كېسىلمەستىن، تۈز كېسىلگەن بولۇپ، 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن چىرماش خەت نۇسخىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ قەلەمنىڭ ئۇچىنى يانتۇ كېسىش ئۆلچەملىك ئۇسۇل بولۇپ مۇقىملاشقان، كېيىنرەك دەۋردە قەلەمنىڭ ئۇچىنى 45 گرادۇسلۇق يانتۇلۇقتا كېسىش قائىدىسى بارلىققا كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قەلەم ئۇچىنىڭ كەڭلىكىگە باراۋەر كېلىدىغان چېكىتلەر بىلەن ئۆلچەشتەك ئۇسۇلمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ ئۇسۇل 13 ـ ئەسىردە رەسمىي ھۆسنىخەت قائىدىسى سۈپىتىدە مۇقىملاشتى.

قومۇش قەلەم بىلەن خەت يازغاندا، قەلەمنىڭ سىياھ ساقلاش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ئۇنى سىياھقا پات ـ پات چىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەتتاتلار ئۈچۈن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ھۆسنىخەت قەلەملىرىنى ئىسلاھ قىلىش تەقەززاغا ئايلانغان ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا خاتىمىيە سۇلالىسى خەلىپىسى مۇئىز (953 ~ 975 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سىياھ ئىچۈرۈشكە بولىدىغان، پات ـ پات چىلاپ تۇرمىسىمۇ خېلى كۆپ خەتنى بىر يولىلا يېزىشقا بولىدىغان بىر خىل قەلەمنى تەۋسىيە قىلغان، ھەمدە ئۇردا ھۈنەرۋەنلىرى بۇ خىل قەلەمنى ياساپ چىققان. ئەمما بۇ خىل قەلەمنىڭ ئۆلگىلىرى زامانىمىزغا يېتىپ

كەلمىگەندۇر.

قۇمۇش قەلەملەر ئادەتتە بىر خىل قەلەم قۇتىسىدا  ساقلىنىدىغان بولۇپ، بۇ قۇتا «مىقلەمە» (ئەرەبچە) ۋە « قەلەمدان» (پارسچە) دەپ ئاتالغان. كۆپىنچە قەلەمدانلار ئۇزۇنلىقى 20سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدىكى كۋادىرات شەكلىدىكى قۇتا بولۇپ، بۇ ياغاچتىن، مېتالدىن (كۆمۈش، مىس، تۆمۈر....) ۋە بەزىدە قىممەتلىك تاشلارغا ياسالغان، قەلەمداننىڭ يۈزىگە تۈرلۈك نەقىشلەر ئويۇلغاندىن تاشقىرى، ئۇنى ياسىغۇچىنىڭ ئىمزاسىمۇ چۈشۈرۈلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەلەمدانلار بولسا تېخىمۇ چوڭراق ۋە بېزەكلىك ياسىلىپ كەلمەكتە

### 3) سىياھ ۋە سىياھدان(دۆۋەت):

ئىسلام خەتتاتلىقىدا قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن سىياھ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، كاربۇنلۇق سىياھ، يەنە بىرى تانىن كىسلاتالىق سىياھدۇر. كاربۇنلۇق سىياھ، يەنى قارا سىياھ ئادەتتە كاربون يەنى كۆمۈر ئىسىنىڭ قالدۇقىغا ياغ ياكى يېلىمنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلاتتى. تانىنېتلىق سىياھ بولسا ئاكاتسىيە يېلىمى،... سۇلفات تۇزى (كۆپىچە مىس سۇلفات تۇزى) ۋە رەڭ ئۆزگەرتكۈچى بەزى تەركىبلەرنى قوشۇشتىن ياسىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە مەزكۇر ئىككى خىل سىياھ تەركىبلىرى قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئۆزگىچە سىياھلار بارلىققا كەلدى. ئەرەب يېلىمى، ئانار پوستى، ياڭاق شاكىلى ۋە زاك سىياھ ياساشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيالىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، سىياھنىڭ رەڭگىنى، پارقىرىقلىقىنى، چىدامىلىقلىقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈلۈك تەركىبلەر مۇناسىپ دەرىجىدە تەڭشەلگەن.

خەتتاتلار ئۆزلىرى ياسىغان سىياھلارنى تۈرلۈك قۇتىلاردا ياسىغان بولۇپ، بۇ« دۆۋەت» (ئەرەبچە «دۇۋات») ياكى «مىقبەرە» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ شەكلى چاسا، يۇمۇلاق ۋە باشقا شەكىللەردە مېتاللار، ياغاچ، تاش ۋە چاقچۇقلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە نەقىشلەر ئويۇلغاندىن باشقا ياسىغۇچىنىڭ ياكى ئىشلەتكەچى خەتتاتلارنىڭ ئىسمى ئويۇلاتتى. كېيىنكى دەۋردە جۇڭگودا ياسالغان ۋە ئىراندا ياسالغان چاقچۇق دۆۋەتلەر كەڭ قوللىنىشقا سازاۋەر بولغاندۇر.

سىياھدان (دۆۋەت) نى ئىشلەتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە پاختا، يۇڭ ياكى يىرىك يىپەك رەخت پارچىلىرىنى قويۇپ، ئۈستىگە سىياھ قويۇلغان بولۇپ، بۇ قەلەمگە سىياھنىڭ مۆۋاپىق مىقداردا

ئېلىنىشى ئۈچۈن ئىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم: ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىدىن نەمۇنىلەر

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتى شەكىللەنگەندىن تارتىپ، بۇ سەنئەت شەكلى نۇرغۇن خەتتاتلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىھادلىرى ئارقىلىق بۈگۈن بىز كۆرۈپ تۇرغاندەك شۆھرەتلىك نەتىجىلەرگە مۇۋەپپەق بولدى. خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىز كونكرېت ھۆسنخەتلەر ئارقىلىق ھېس قىلىمىز. دېمەك، ھۆسنخەت يېزىلمىسا خەتتاتلىق سەنئىتى مەۋجۇد بولمايدۇ. مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتىدە ھۆسنخەت نەمۇنىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمان خەتتاتلار خەتتاتلىقنى مۇنداق شەكىللەردە ئايان قىلىپ كەلگەن: كىتاب كۆچۈرۈش، مۇقاۋا لايىھەلەش، چوڭ-كىچىك لەۋھەلەر، ھۆسنخەت توپلاملىرى (Kurrase)، مەشىق نەمۇنىلىرى (siyah mashq)، ھەرپ ئۆلگىلىرى مەشقى (mufradat)، قەبرە تاشلىرى ۋە ھەرخىل ئابىدىلەر، ئىمارەت (مەسجىد، مەدرەسە)، پۇل، پوچتا ماركىسى، سودا تاۋار ماركىلىرى، تۇرمۇش جابدۇقلىرى (چىنە-قاچا، گىلەم-سېلىنچا....)، ياپراق (19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ھۆسنخەت يېزىش ياكى بېسىش تېخنىكىسى تۈركىيە بۇرسادا تەرەققىي قىلدى. ياپراققا يېزىلغان ھۆسنخەت كۆپىنچە شەخس ئىسىملىرى ياكى قىسقا دىنىي تېكىستلەر بولدى.) قاتارلىقلار. بۇ كىتابتا بىز پەقەت ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلدۇق ۋە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن مۇھىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار بەزى ئۇچۇرلارنى تىزىپ كۆرسەتتۇق. ئەمەلىيەتتە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا بارلىققا كەلگەن بۇ ساھەدىكى ھۆسنخەت نەمۇنىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارمۇ ئايرىم بىر ئىزدىنىش تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب خەتتاتلىقىغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كىتابتا بەزى سەھۋەنلىك ۋە نۇقسانلار ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. پايدىلانغۇچىلارنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆز بىلىملىرى بىلەن تولۇقلاپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



1. ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەسلىي ئاساسىي بولغان ناباتىي يېزىقىنىڭ كۆرۈنىشى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئۇممۇ جىمال قەبرە تېشىغا ئويۇلغان خەت. مىلادىيە 2 ـ ئەسىر.



2. «لەيلىنىڭ مەجنۇنى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر شائىر ئەمرۇل قەيسىنىڭ نامارادىكى قەبرىسىگە ئويۇلغان دەسلەپكى ئەرەب يېزىقىدىكى خەت.



3. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئەمىرىنىڭ بىر پارچە خېتى. مىلادىيە 709 ـ يىلغا تەۋە.



4. ئىشىك كېشىكىگە ئويۇلغان بېزەكلىك كۇفىي نۇسخىسىدىكى خەت. مىلادىيە 12 ـ ئەسىر، ئىراق.



5. مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن پارس قولتۇقىنىڭ ئەمىرى ئەلھەساغا ئىبەرتىلگەن بىر پارچە خەتنىڭ بىر بۆلىكى. بۇ چىرماش نۇسخىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرىدۇر.



6. مائىل نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن ئەڭ قەدىمكى «قۇرئان» سەھىپىلىرى. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە مەدىنىدە كۆچۈرۈلگەن.



7. مىسىرنىڭ قۇمۇش قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، مىلادىيە 709 ـ يىلىغا تەۋە ئەڭ دەسلەپكى نەسخ نۇسخىسىدىكى خەت.



8. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە تەۋە بېزەك بېرىلگەن «قۇرئان» بەتلىرىدىن بىر پارچە. قەيرۇۋاندا كۆچۈرۈلگەن.



9. مىلادىيە 1084 ـ يىللىغا تەۋە، تاش ئۈستىگە ئويۇلغان بېزەكلىك كۇفىي نۇسخىسىدىكى خەت.



10. ئەمىر ئەھمەد ئابىدىسىگە سىزىلغان ياپراق كۇفىي نۇسخىسىدىكى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»، مىلادىيە 1035 ـ يىللىغا تەۋە.



11. «قۇرئان» مۇقاۋىسىغا يېزىلغان بېزەكلىك شەرق كۇفىي نۇسخىسىدىكى خەت. مىلادىيە 15ـ ئەسىرلەر.



12. قەيرۇۋاندا مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە غەرب كۇفىي نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» دىن بىر بەت.



13. ياقۇت مۇستەسىمنىڭ موڭغۇللار مىلادىيە 1258 ـ يىلى باغدادقا بېسىپ كىرگەندە بىر مۇنارغا يوشۇرۇنۇپ «كاف» ھەرپىنى يېزىپ ئولتۇرغان سۈرىتى. فارس مىنياتۇرلىرىدىن.



14. سۇدانىي سىياقىدىكى مەغرىبىي نۇسخىسىدا نېگىرىيەدە 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان «قۇرئان» دىن بىر بەت.



16. كۇفىي نۇسخىسىدا مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە قەيرۇۋاندا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» دىن بىر بەت.



17. تومراق شەرق كۇفىي نۇسخىسىدا يېزىلغان «قۇرئان» دىن بىر قۇر. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ئىراقتا كۆچۈرۈلگەن.




18. تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرلەردە تۈرك خەتتاتى ھافىز ئوسمان سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان ھۆسنخەت.



19. 11 ـ ئەسىردە ئىراق ياكى ئىراندا شەرق كۇفىي نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» دىن ئىككى بەت.



20. مەملۇك دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات مۇھەممەد ئىبنى ۋاھىد مىلادىيە 1304 ـ يىلى پادىشاھ بايبارس II گە كۆچۈرۈپ بەرگەن «قۇرئان» دىن بىر بەت.



21. ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر خەتتات شەيخ ھەمدۇللا ئىستانبۇلدا 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان خەت.




22. مىلادىيە 1337 ـ يىلى خەتتات مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ ئەبارىي تەرىپىدىن ئىراقتا كۆچۈرۈلگەن سۇلۇس نۇسخىسىدىكى «قۇرئان»دىن بىر بەت.




23. تەخمىنەن 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇرىيەدە كۆچۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇھەققەق نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» دىن بىر بەت.




24. خەتتات مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد تۇغرائىي مۇھەققەق نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن «قۇرئان» دىن بىر سەھىپە. تەخمىنەن 1408 ـ يىللىرىدا ئىراندا كۆچۈرۈلگەن.




25. ياقۇت مۇستەسىمنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئەھمەد سۇھراۋەردىي مۇھەققەق نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن «قۇرئان» دىن بىر قۇر. مىلادىيە 1304 ـ يىلى باغداد.




26. مەملۇك دەۋرىدىكى خەتتات ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەنسارىي مىلادىيە 1334 ـ يىلى قاھىرەدە مۇھەققەق نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن بىزەكلىك «قۇرئان» دىن بىر سەھىپە.




